# مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇر ھاجى
# سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار


نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتسالىھ ھاجى

تەھرىرلىرى: تۇرغۇن ئۆمەر
تۇنسا مەتقاسىم



شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى



مۇھەممەتسالىھ ھاجى
ئۇيغۇر تېبابىتى باش ۋىراچى. ئۇ
1956 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراقاش
ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا
قۇمباغ كەنتىدە مەشھۇر تېۋىپ
مەنسۇر ھاجى ئائىلىسىدە دۇن-
ياغا كەلگەن، 1962 ـ يىلىدىن
1970 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان،
1970 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە
دادىسى مەنسۇر ھاجىنى ئۇستاز
تۇتۇپ ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك
ئىلمىنى ئۆگەنگەن، 1975 ـ يە-
لى ئاقساراي يېزىلىق دوختۇر-
خانا تەرىپىدىن تەكلىپ قىلى-
نىپ، دادىسىنىڭ شاگىرتى سۈ-
پىتىدە دوختۇرخانا ئۇيغۇر تې-
بابەت بۆلۈمىنىڭ دورا تەييار-
لاش ئىشلىرىنى ئىشلىگەن،
1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېرە
كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل
بىلىم ئاشۇرغان. 1983 ـ يىلىدىن
1984 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاقسا-
راي يېزىلىق دوختۇرخانىدا تې-
رە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇ-
رۇپ، تېرە كېسەللىكلىرىنى دا-
ۋالاش جەھەتتە زور نەتىجە قا-
زانغان. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا
ئۆزىنىڭ بىلىم تەجرىبىسى ۋە
خىزمەتتىكى تۆھپىسىگە ئاسا-
سەن، قاراقاش ناھىيىلىك ئۇي-
غۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخا-

# مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇر ھاجى
# سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار


نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتسالىھ ھاجى

تەھرىرلىرى: تۇرغۇن ئۆمەر
تۇنىسا مەتقاسىم



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(C I P)数据

曼苏尔阿吉验方集锦/买买提・沙力阿吉编. —乌鲁木齐：新疆科学技术出版社(K)，2003. 12
ISBN 7—80693—397—2

Ⅰ.曼... Ⅱ. 买... Ⅲ.维吾尔族—民族医学—验方—汇编—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. R291. 5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 115629 号

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مەتروزى مەتسىيىت
مەلىكەم مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ۋارىسجان مۇھەممەت
نىساگۇل ئابدۇللا
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇر ھاجى
# سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى يەنئەن يولى №21 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850mm×1168mm ، 32/1؛ باسما تاۋقى: 9.125
2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
IBSN 7—80693—397—2
باھاسى: 15.80 يۈەن

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆزىدە قىممەتلىك بىلىم جاۋاھىراتلىرىنى توپلاپ ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر باي خەزىنە. ئۇ قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى تەرەققىياتى داۋامىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىككە قارشى كۈرەش قىلىش، تەبىئەت بىلەن تونۇشۇش، ھەرخىل ماددىلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە تېببىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئاچچىق ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى.

ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز تۇرمۇشىدا ۋە ساقلىق ساقلاش داۋامىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئۇزلۇكسىز ھالدا خاتىرلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇپ كەلگەن.

خەلقىمىز ئىچىدە كۆپلىگەن ماھىر تېۋىپلار ئۇزاق يىللار داۋامىدا ھاسىل قىلغان داۋالاش ۋە دورىگەرلىك بىلىملىرىنى ئۇزلۇكسىز توپلاپ، خەلقىمىزنىڭ داۋالاش ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلارنىڭ تېبابەت مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش ئارقىلىق خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئېلىمىز تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم خىزمەت.

بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارنى چىڭ

تۇتۇپ ئىشلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرمەكتە. بىز مۇشۇ پايدىلىق پۇرسەتنى قەدىرلەپ ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ۋە ئۆزىگە خاس ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان داڭلىق تېۋىپلارنىڭ تىببىي مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمەكچىمىز.

مەنسۇر ھاجى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ساھەسىدە 70 يىلدىن كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مول داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ھاسىل قىلغان ماھىر تېۋىپ. ئۇنىڭ تىبابەت جەھەتتىكى شۆھرىتى پۈتكۈل خوتەن رايونىدا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ داۋالاش ئىشلىرىدا ھاسىل قىلغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلىرى ئۆزىگە خاس بولغان بەزى داۋالاش چارە ـ ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەنسۇر ھاجى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى، داۋالاش دائىرىسى كەڭ، ئىشلىتىش بىر قەدەر ئوڭاي، ئۈنۈمى يۇقىرى رېتسېپلاردىن ئىبارەت. شۇڭا ، بۇ رېتسېپلارنى رەتلەپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

تۇرغۇن ئۆمەر
(شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى)

# مەنسۇر ھاجىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مەنسۇر ھاجى 1890 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1898 ـ يىلىدىن 1905 ـ يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ گۇزە كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى مەدرىستە ئوقۇپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1905 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە نەۋرە ئاكىسى، مەشھۇر تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىكە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بىلىملىرىنى ھەم دورىگەرلىك ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1915 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي، ئولۇغئاتا قاتارلىق يېزا، كەنتلىرىدە ۋە گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگۇي، مۇجا، پىيالما، دۇۋا قاتارلىق يېزا ـ كەنتلىرىدە داۋالاش ۋە دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1948 ـ يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ ھەج قىلىش سەپىرىدە پاكىستاندا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونىمىزدا كەمچىل بولۇۋاتقان بىر قىسىم يەككە دورىلارنى يىغىپ توپلىغان. ۋەتەنگە قايتقاندا نۇرغۇن يەككە دورىلارنى ئېلىپ كەلگەن ھەم بۇ دورىلارنىڭ بىر قىسمىنى تېرىپ ئۆستۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يوق ياكى كەمچىل بولغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغان. 1954 ـ يىلىدىن

1978 - يىلىغىچە قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بۆلۈمىدە، 1978 - يىلىدىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا مەنسۇر ھاجى بىر تەرەپتىن دورا تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە تاغلىق رايونلاردىن دورا يىغىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يەككە دورىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى ئاددىي رېتسېپلار ئارقىلىق جىنسىي ئاجىزلىق، بالىياتقۇ راكى، تېرە كېسەللىكلىرى، بالىلار كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، نەپەس سىستېمىسى ۋە ھەزىم قىلىش سىستېمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى نەتىجىلەرنى قازىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مەنسۇر ھاجى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، يەنە ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇلارنى داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرىنى، سىناقتىن ئۆتكەن شىپالىق رېتسېپلارنى توپلاش، رەتلەش ھەم شاگىرت تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ شاگىرت تەربىيىلەشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن كېرىم ھاجى، ئابدۇجاپپار ئاخۇن ھەمدە ئۇنىڭ مۇھەممەتئىمىن ھاجى، مۇھەممەتسالىھ ھاجى، مۇھەممەتسىدىق ھاجى قاتارلىق بەش ئوغلى تېبابەتچىلىك بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانماقتا. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار ھەرقايسى ئۇيغۇر

تېبابەتچىلىك شىپاخانىلىرىدا ئاساسلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مەنسۇر ھاجىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى زور تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1988 ـ يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. مەنسۇر ھاجى پۈتۈن ئۆمرىدە 73 يىل تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، 1988 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ھەم 10 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

# مۇندەرىجە


ئەرەق دورا ياسالمىلىرى ............................ 1
ئەرەقى چۆبچىن ............................................ 1
ئەرەقى پىنىنە ................................................ 2
ئەرەقى كاسنىە مۇرەككەپ ................................. 3
ئەرەقى شوخلا ................................................ 3
ئەرەقى گاۋزىبان ............................................. 4
ئەرەقى قىيمىقۇ ............................................... 5
ئەرەقى قىزىلگۇل ............................................. 6
ئەرەقى مائۇل لەھمى ......................................... 6
ئەرەقى شاھتەررە ............................................ 8
ئەرەقى بىدمىشكى ............................................. 8
ئەرەقى بەدىيان ............................................... 9
مەجۇن دورا ياسالمىلىرى ............................... 11
مەجۇنى نۇجاھ ................................................ 11
مەجۇنى سوم .................................................. 12
مەجۇنى سەرئى ................................................ 13
مەجۇنى جەدۋار .............................................. 14
مەجۇنى ئايارەنج پەيقىرا بارد ............................ 15
مەجۇنى ئايارەنج پەيقىرا مۆئتىدىل ....................... 16
مەجۇنى ئايارەنج پەيقىرا هار .............................. 17
مەجۇنى ئايارەنج پەيقىرا كەبىرى .......................... 18
مەجۇنى ئايارەنج لوخانزىيا ................................. 19
مەجۇنى لوخانزىيا كەبىرى ................................... 20

مەجۇنى بايادەيتۇس …………………… 21

مەجۇنى سىيازەرىيتۇس جالىنوس …………………… 22

مەجۇنى سۆرۇنجان I …………………… 23

مەجۇنى سۆرۇنجان II …………………… 24

مەجۇنى داۋائىلمىشكى …………………… 24

مەجۇنى داۋائىلمىشكى كەبىرى …………………… 26

مەجۇنى داۋائىلمىشكى شىرىن …………………… 27

مەجۇنى داۋائىلمىشكى بارد …………………… 28

مەجۇنى داۋائىلمىشكى كۇركۇم …………………… 29

مەجۇنى داۋائىلمىشكى هار I …………………… 30

مەجۇنى داۋائىلمىشكى هار II …………………… 31

مەجۇنى خېمىرى مەرۋايىت …………………… 33

مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت هار …………………… 34

مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت سەرت …………………… 35

مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت كىبرى مۆئتىدىل …………………… 36

مەجۇنى ئاسانا سىيا كەبرى …………………… 37

مەجۇنى سەنجىرىنا …………………… 38

مەجۇنى بەرشىشا …………………… 39

مەجۇنى بەرشىشا كەبىرى …………………… 41

مەجۇنى خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى …………………… 42

مەجۇنى سەرئى …………………… 43

مەجۇنى مەسرۇدىتۇس …………………… 43

مەجۇنى جەدۋار كەبىرى …………………… 45

مەجۇنى خېمىرى ئەبرىشىم …………………… 46

مەجۇنى خېمىرى گاۋزىبان سادده …………………… 47

مەجۇنى ئەلھەبۇبى …………………… 48

مەجۇنى پولونىيا پارىسى …………………… 49

مەجۇنى جاۋاھىر مىسرى …………………… 50

مەجۇنى نەمەكى سۇلايمانى ........ 51
مەجۇنى ماددەتۇلھايات كەبىرى I ........ 52
مەجۇنى ماددەتۇلھايات كەبىرى II ........ 53
مەجۇنى ماددەتۇلھايات كەبىرى III ........ 55
مەجۇنى لوبۇبى كەبىر I ........ 56
مەجۇنى لوبۇبى كەبىر II ........ 58
مەجۇنى لوبۇبى سەغىر ........ 59
مەجۇنى كۆچۈلا ........ 60
مەجۇنى ئازاراقى ساددە ........ 61
مەجۇنى ھالۋائىي بەيزە ........ 62
مەجۇنى مۇپەررىھى مەسىھا ........ 63
مەجۇنى كەلكىلانچ ھار ........ 65
مەجۇنى كەلكىلانچ بارد ........ 66
مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى ساددە ........ 66
مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى كەبىرى ........ 67
مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى لوئىلىۋى I ........ 69
مەجۇنى نۇشدارى لوئىلىۋى II ........ 70
مەجۇنى زۇپا ........ 71
مەجۇنى زۇپا كەبىرى ........ 72
مەجۇنى خەشخاش ........ 73
مەجۇنى ئىگىر ........ 74
مەجۇنى ئىترىفىل كەشنىز كەبىر ........ 75
مەجۇنى بىنەپشە ........ 76
مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئىدە ........ 77
مەجۇنى خىيارشەنبەر ........ 78
مەجۇنى بەسباسە ........ 79
مەجۇنى نانىخۋا كەبىرى ........ 80
مەجۇنى ئىترىفىل كەبىرى ........ 81

مەجۇنى ئىترىفىل سەغىر ........................ 82
مەجۇنى جاۋارىش ئەنبەر ........................ 82
مەجۇنى بەسىر ........................ 83
مەجۇنى چۆبچىن I ........................ 84
مەجۇنى چۆبچىن II ........................ 85
مەجۇنى چۆبچىن III ........................ 86
مەجۇنى شاھتەررە I ........................ 87
مەجۇنى شاھتەررە II ........................ 88
مەجۇنى خەيسىلى ........................ 88
مەجۇنى شىڭگىرىپ ........................ 89
مەجۇنى ئەقرەب ........................ 90
مەجۇنى ھەجرۇلىيەھۇد ........................ 91
مەجۇنى ئىترىفىل غۇددي ........................ 92
مەجۇنى ئىترىفىل زامانى ........................ 93
مەجۇنى بەرەس ........................ 94
مەجۇنى بەرەس كەبىرى ........................ 94
مەجۇنى رەشىدي ........................ 95
مەجۇنى ھىلىلە ........................ 96
مەجۇنى شەيبى ........................ 97
مەجۇنى تەرياقى نەزلە ........................ 97
مەجۇنى ئىمساك ........................ 98
مەجۇنى خۇبسىل ھەديد ........................ 99
جاۋارىشلار ........................ 101
جاۋارىش شەھرىيان ........................ 102
جاۋارىش ئۇد ........................ 103
جاۋارىش نانىخۋا ........................ 104
جاۋارىش قادىرى ........................ 104
جاۋارىش كۇمۇنى I ........................ 105

جاۋارىش كۆمۈنى II ...... 106
جاۋارىش زەرئۆنى ...... 107
جاۋارىش جالىنوس ...... 108
جاۋارىش ئۇدبادىد ...... 109
جاۋارىش ئۇد شىرىن ...... 109
جاۋارىش فۇدىنج ...... 110
جاۋارىش تۇربۇت ...... 111
جاۋارىش قۇلۇنجى ...... 112
جاۋارىش مەستىكى ...... 113
جاۋارىش تاباشىر ...... 114
جاۋارىش جۇزبۇۋا ...... 115
جاۋارىش كۇندۇر ...... 115
جاۋارىش كۇندۇر كەبىرى ...... 116
**لوئۇقلار (يالاىچۇقلار)** ...... 118
لوئۇقى بادام I ...... 118
لوئۇقى بادام II ...... 119
لوئۇقى سەرپىستان ...... 120
لوئۇقى ئىسپىغۇل ...... 121
لوئۇقى كەتان ...... 122
لوئۇقى كەتان كەبىرى ...... 123
**كۆملاچ (ھەببى) ياسالمىلىرى** ...... 124
ھەببى قوقىيا ...... 124
ھەببى بىنەپشە ...... 125
ھەببى موقەل ...... 126
ھەببى زەھەب ...... 127
ھەببى شەبيار ...... 127
ھەببى تۇربۇت I ...... 128
ھەببى تۇربۇت II ...... 129

ھەببى ئىستەمفىقۇن ........ 130
ھەببى رەسكەفۇر I ........ 131
ھەببى رەسكەفۇر II ........ 132
ھەببى سىماب ........ 133
ھەببى ئايارەنجى پەيقىرا ........ 134
ھەببى مەنتىيىن I ........ 135
ھەببى مەنتىيىن II ........ 135
ھەببى سەممۇلپار ........ 136
ھەببى شاھتەررە ........ 137
ھەببى ئىترىفىل كىبىرت ........ 138
ھەببى بۇۋىستۇن I ........ 139
ھەببى بۇۋىستۇن II ........ 140
ھەببى سۆرۇنجان I ........ 140
ھەببى سۆرۇنجان II ........ 141
ھەببى سۆرۇنجان قادىرى ........ 142
ھەببى سۆرۇنجان كەبىرى ........ 143
ھەببى جەدۋار I ........ 144
ھەببى جەدۋار II ........ 144
ھەببى جەدۋار قادىرى III ........ 145
ھەببى شىپا ........ 146
ھەببى سالاتىن ........ 147
ھەببى گۇرسىنگى ........ 148
ھەببى غارىقۇن I ........ 149
ھەببى غارىقۇن II ........ 149
ھەببى غارىقۇن III ........ 150
ھەببى ئىمىساك I ........ 151
ھەببى ئىمىساك ساددە ........ 152
ھەببى ئىمىساك II ........ 152

ھەببى ئىمىساك Ⅲ ........ 153
ھەببى ئاتىشەك ........ 154
ھەببى سوئال ھار ........ 154
ھەببى سوئال بارد ........ 155
ھەببى سوئال كەبىرى ........ 156
ھەببى نارمىشكى ........ 156
ھەببى گىل ئەرمىنى ........ 157
ھەببى مەزكور ........ 158
ھەببى لاجۇۋەرد ........ 159
ھەببى سەكبىنەچ ........ 159
ھەببى رەۋەن ........ 160
ھەببى سەبرە ........ 161
ھەببى ئۇستقۇددۇس ........ 161
ھەببى ئۇستقۇددۇس قادىرى ........ 162
ھەببى ئەفتىمۇن ........ 163
ھەببى پەرپىيۇن ........ 164
ھەببى بەر يوما ........ 164
ھەببى مۇشكىل كۇشاد ........ 165
ھەببى سالاجىت ........ 166
ھەببى سىل ........ 167
ھەببى زىراۋەندى ........ 167
ھەببى بوزورى ........ 168
ھەببى ئىسھال ........ 169
ھەببى پىلپىل ........ 170
ھەببى شىكەر تىيغال ........ 170
سۇفۇپ دورىلار ........ 172
سۇفۇپى ئەنزىرۇت ........ 173
سۇفۇپى لىسان ........ 173

سۇفۇپى سۆرۈنجان I ........................... 174
سۇفۇپى سۆرۈنجان II ........................... 175
سۇفۇپى سۆرۈنجان III ........................... 176
سۇفۇپى خەشخاش ........................... 176
سۇفۇپى چۆبچىن ........................... 177
سۇفۇپى نانىخۋا ........................... 178
سۇفۇپى شورا ........................... 179
سۇفۇپى بوۋاسىر ........................... 179
سۇفۇپى جاراھەت ........................... 180
سۇفۇپى ئەنجىباھار ........................... 181
سۇفۇپى بوزۇرى ........................... 181
سۇفۇپى مامىرانچىن ........................... 182
سۇفۇپى سەنگى مەسانە ........................... 183
سۇفۇپى سەرتان كەبىرى ........................... 183
سۇفۇپى قورۇھى رەھمى ........................... 184
سۇفۇپى سەرتان ........................... 185
سۇفۇپى سۇنۇن ........................... 185
سۇفۇپى قەمبىل ........................... 186
سۇفۇپى زىيابىتۇس ........................... 187
سۇفۇپى بىخ مارجان ........................... 188
سۇفۇپى خۇلىنجان ........................... 188
شەربەت دورا ياسالمىلىرى ........................... 190
شەربىتى ئەينۇلا ........................... 191
شەربىتى زۇپا I ........................... 192
شەربىتى زۇپا II ........................... 193
شەربىتى چار تۇخۇم I ........................... 193
شەربىتى چار تۇخۇم II ........................... 194
شەربىتى دىنار I ........................... 195

شەربىتى دىنار II ........ 196
شەربىتى سۆرۈنجان ........ 197
شەربىتى مائۇل ئۇسۇل I ........ 198
شەربىتى مائۇل ئۇسۇل II ........ 199
شەربىتى مائۇل ئۇسۇل III ........ 200
شەربىتى جۇلاپ ........ 201
شەربىتى ئەبرىشىم ........ 202
شەربىتى ئەبرىشىم كەبىرى ........ 203
شەربىتى ئەنجىباھار I ........ 204
شەربىتى ئەنجىباھار II ........ 205
شەربىتى ئەفتىمۇن ........ 205
شەربىتى بۇزۇرى II ........ 206
شەربىتى سىركەنجىبىۇل ئەفسەنتىن ........ 207
شەربىتى سىركەنجىۇل ساددە ........ 208
شەربىتى ئەينۇلا ........ 208
شەربىتى سەندەل ........ 209
شەربىتى ئەنسىل ........ 210
شەربىتى پەريادىرەس ........ 211
شەربىتى چىلان ........ 211
شەربىتى يۇرەك ........ 212
شەربىتى ھىلىلە زەرد ........ 213
شەربىتى ئانار كەبىرى ........ 214
شەربىتى كاكىنەچ ........ 214
شەربىتى زىرىشكى ........ 215
شەربىتى بەھمەن ........ 216
شەربىتى شاھتەررە ........ 217
شەربىتى سەفەرجەل ........ 218
شەربىتى ئىزخىر ........ 218

شەربىتى ئۈستقۇددۇس ..... 219
شەربىتى ئەنجۈر ..... 220
شەربىتى لەھمى ..... 221
شەربىتى چۆبچىن ..... 222
شەربىتى ئۈزۈم ..... 223
شەربىتى مۇددىراتى ھەيز ..... 224
شەربىتى خونى غەلىيز ..... 225
شەربىتى رەيھان ..... 226
شەربىتى بابۇنە ..... 227
شەربىتى شىپا ..... 228
شەربىتى مائۇل ھەسەل ..... 228
شەربىتى مائۇل ھەسەل كەبىر ..... 229
شەربىتى مۇنزىج مۇرەككەپ ..... 230
شەربىتى بەرەس ..... 231
**مۇنزىچلار ..... 233**
مۇنزىچى بەلغەم ..... 233
مۇنزىچى سەۋدا ..... 234
مۇنزىچى سەپرا ..... 235
**قۇرس (تابلېت) دورا ياسالمىلىرى ..... 237**
قۇرسى كەھرىۋا ..... 238
قۇرسى كەھرىۋا ساددە ..... 238
قۇرسى كاكىنەچ ..... 239
قۇرسى ئۇد ..... 240
قۇرسى راسەن ..... 241
قۇرسى ئوردان ..... 241
قۇرسى خەشخاش ..... 242
قۇرسى كاپۇر ..... 243
قۇرسى مازەرىيۇن ..... 243

قۇرسى زىيابىتۇس ........................................ 244
قۇرسى مۇنەۋۋەر بارد ........................................ 245
قۇرسى ئەنجىباھار ........................................ 246
قۇرسى قوغۇشۇن ........................................ 247
قۇرسى گۈل ........................................ 247
قۇرسى سەرتان ........................................ 248
قۇرسى بىنەپشە ........................................ 249
قۇرسى تاباشىر ........................................ 249
قۇرسى غاپەس ........................................ 250
قۇرسى ئەپسۇددەم ........................................ 251
**ياغ (رەۋغەن) دورا ياسالمىلىرى** ........................................ 252
سىماب يېغى I ........................................ 252
سىماب يېغى II ........................................ 253
سىماب يېغى III ........................................ 254
قەلەمپۇر يېغى ........................................ 254
جوز يېغى ........................................ 255
ئات يېغى ........................................ 256
چۈمۈلە يېغى ........................................ 256
رەۋغىنى تۇخۇم ........................................ 257
رەۋغىنى بەرەس ........................................ 257
بالادۇر يېغى ........................................ 258
گۈڭگۈرت يېغى ........................................ 259
سىيادان يېغى ........................................ 260
زەپەر يېغى ........................................ 260
كېپەك يېغى ........................................ 261
كۈنجۈت يېغى ........................................ 262
ئاقتىكەن يېغى ........................................ 262

**مەلهەم دورا یاسالمىلىرى** ........................ 264
مەلهىمى زەمچە .................................... 264
مەلهىمى بەرەس.................................... 265
مەلهىمى قوروھى رەھمى ......................... 266
**زىماد دورا یاسالمىلىرى** ........................ 267
زىماد مۇپاسىل ..................................... 267
زىماد پەرزىجە ..................................... 268
زىماد مەقئەت ..................................... 269

# ئەرەق دورا ياسالمىلىرى

ئەرەق دورا ياسالمىسى خام دورىلار سۇغا چىلىنىپ مەخسۇس پار قازىنىدا قاينىتىپ پارلاندۇرۇلۇپ، دورىلارنىڭ ئۇچۇچان ماددىسىدىن ئايرىپ ئېلىنىدىغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى بولۇپ، تەسىرى تېز، ئەكس تەسىرى يوق، ئىچىشكە قۇلايلىق دورا ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەق دورا ياسالمىلىرى كۆپىنچە تەركىبىدە ئۇچۇچان تەركىب بولغان گۇل - چېچەك، يوپۇرماق، شاخ، يىلتىز، ئۇرۇق قاتارلىق ئوت - چۆپ دورىلاردىن تەييارلىنىدۇ. ساقلاش ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشماسلىقى كېرەك.

## ئەرەقى چۆبچىن

**تەركىبى:** قىزىل چۆبچىن 500 گرام، سەرسىۋىل (ئۆشبە)، مامىرانچىنى ھەربىرى 100 گرامدىن، ئارپىبەدىيان 50 گرام، سۇ 6 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن 6000 مىللىلىتىر سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن مەخسۇس ئەرەق قازىنىدا سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ، پارلاندۇرۇلۇپ 3000 مىللىلىتىر پارلانغان ئەرەق سۈيى يىغىپ ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان يالـلۇغلارنى ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، ماددىلارنى

يۆمشىتىش، قان، سەۋدانىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەرخىل جاراھەتلىك كېسەللىكلەر، بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى، جىنسىي يول ياللۇغى، تۆرۈۋا يولى ياللۇغى، رېماتىزم كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان ھەرخىل قان تومۇر كېسەللىكلىرى، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۆرلۈك تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەرەقى پىننە

**تەركىبى:** پىننە 500 گىرام، ئارپىبەدىيان 50 گىرام، سۇ 3 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمە بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرەق قازىنىغا سېلىنىپ، 3 لىتىر سۇ قۇيۇلۇپ 6 سائەت چىلاپ سۇس ئوت بىلەن پارلاندۇرۇپ 1.5 لىتىر ئەرەق يىغىپ ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان يەللەرنى تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىكلەر يەنى كۆڭلى ئاينىش، قۇسۇش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، قورساق ئېسىلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

## ئەرەقى كاسىنە مۇرەككەپ

**تەركىبى:** كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 150 گرامدىن، قىزىلگۈل، دارچىن، كەرەپشە ئۇرۇقى، بېدىمىشكى ھەربىرى 100 گرامدىن، نىلۇپەر، ئوغرىتىكەن (چارمىخ) ھەربىرى 50 گرامدىن، سۇ 8 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار ئۆلچەم بويىچە ئېلىنغاندىن كېيىن قاتتىق دورىلار چالا سوقۇلۇپ، يۇمشاق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ 6 سائەت سۇغا چىلانغاندىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ، سۇس ئوتتا پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، 4500 مىللىلىتىر ئەرەق ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** سېرىقلىق چۈشۈش خاراكتېرلىك جىگەر قېتىش، A تىپلىق ۋە B تىپلىق جىگەر ياللۇغى، جىگەر مەنبەلىك ئىششىق، ئۆت ياللۇغى، بۆرەك خاراكتېرلىك قان بېسىمى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكى، ئۆتكۈر قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

## ئەرەقى شوخلا

**تەركىبى:** يەرلىك شوخلا 900 گرام، نىلۇپەر 100 گرام،

سۇ 10 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، 10 لىتىر سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، ئەرەق قازىنىغا سېلىپ سۇس ئوت بىلەن پارلاندۇرۇپ 6 لىتىر ئەرەق ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۇقىرى قان بېسىم، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، كۆز ئاغرىقلىرى، جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى، ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈنىگە 2 قېتىم، هەر قېتىمدا 80 مىللىلىتىردىن تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

## ئەرەقى گاۋزىبان

**تەركىبى:** گاۋزىبان 1 كىلوگرام، سۇ 8 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدار بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇپ، 8 لىتىر سۇغا 6سائەت چىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ، سۇس ئوت بىلەن پارلاندۇرۇلۇپ 4500 مىللىلىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، قىزىتما

قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، يۇرەك، مېڭە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن پەيدا بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكى يەنى خاپىقان، مېڭە ئاغرىقلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقلىرى، مېڭە ، قان تومۇر قېتىش كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھەركۈنى 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 — 70 مىللىلىتىرغىچە تاماقتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەرەقى قىيمىقۇ

**تەركىبى:** پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى 700 گرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 100 گرام، زىيخ 200 گرام، سۇ 8 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ، سۇس ئوتتا پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ 4500 مىللىلىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قىزىتما چۈشۈرۈش، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارارەتنى پەسەيتىش، ئىچنى توختىتىش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان ھەرخىل قىزىتمىلارغا قان، سەپراۋى ئىسھال، قان تولغاق، ئۈچەي سىلىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش، كۆپ تەرلەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100

مىللىلىتىردىن كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ياش چەكلىمىسىگە بېقىپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

## ئەرەقى قىزىلگۈل

**تەركىبى:** قىزىلگۈل 1 كىلوگرام، سۇ 6 لىتىر.
**تەييارلىنىشى:** قىزىلگۈل كۆرسىتىلگەن مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ سۇغا 6 سائەت چىلىغاندىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ، سۇس ئوتتا پارلاندۇرۇلۇپ 3 لىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.
**تەسىرى:** يۈرەكنى كۈچەيتىش، نېرۋىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.
**ئىشلىتىلىشى:** ھەرخىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، يۈرەك، بۆرەك، جىگەر كېسەللىكلىرى، ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەرەقى مائۇل لەھمى

**تەركىبى:** 2 دانە ئاق توشقان گۆشى، 5 كەپتەر گۆشى، 1 توخۇ گۆشى، بەش كىلوگرام پاقلان گۆشى، 3 كىلوگرام ئۈزۈم، قىزىلگۈل، جۇزبۇۋا، گاۋزىبان، سۇمبۇل، شاقاقۇل، سۆئلەپ، گاۋزىبان، لاچىندانە، بەسباسە، قەلەمپۇر، ئامىلىنىڭ ھەربىرى 70 گرامدىن، بادرەنجى بۇيا، مەرزەنجۇش ھەربىرى 180 گرامدىن، بەھمەن سۇرۇخ، ئاق سەندەل، قاقىلە، جۇۋىنە،

پىنىه، ئاق بەھمەن 40 گرامدىن، ئاسارۇن، دارچىن 130 گرامدىن، سۇ 15 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسىتىلگەن مىقدارى بويىچە ئېلىنغاندىن كېيىن، بارلىق گۆشلەر سۈڭەكلەردىن ئايرىلىپ، توغراپ چانىلىپ 7 لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ، مىجىپ تەمى تولۇق چىقىرىلىدۇ. قالغان دورىلار سوقۇلۇپ 8 لىتىر سۇغا 6 سائەت چىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۆش سۈيى دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن ئەرەق قازىنىغا قۇيۇلۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ، 2 گرام زەپەر داكىغا ئورۇلۇپ ئەرەق قازىنىنىڭ تامچىلاش ئېغىزىغا قويۇلۇپ تامچىلىنىدۇ، 11 لىتىر ئەرەقى مائۇل لەھمى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان كۆپەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى ساقلاش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بەدەن ئاجىزلىق، ھەرخىل سەۋەبلەردىن بولغان كەم قانلىق، يۈرەك، مېڭە، جىگەر زەئىپلىكى، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، مېڭىگە قان يېتىشمەسلىك، پۇت - قوللار سوۇۇپ كېتىش، ئورۇقلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30—100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، يۇقىرى قان بېسىم، يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلىرى بارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## ئەرەقى شاھتەرە

**تەركىبى:** شاھتەررە 800 گرام، ئەمەن 50 گرام، پىننە 150 گرام، سۇ 6 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ، سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ، 4500 مىللىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، نورمالسىز سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش ھەم چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى، يەنى تەمرەتكە، يەلتاشما، دانىخورەك، تېرىلەرنىڭ سېزىمچانلىقى ئېشىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان ھەرخىل قىچىشقاق، جىنسىي يول، سۈيدۈك يولى قىچىشىش ۋە ياللۇغلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قان تازىلاش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 80 مىللىلىتىردىن ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەر ئامىلە نۆشىدارى بىلەن بىرلىكتە ئىچىشى كېرەك.

## ئەرەقى بېدىمىشكى

**تەركىبى:** بېدىمىشكى 1 كىلوگرام، سۇ 6 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن پار قازىنىغا سېلىنىپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ، 4500 مىللىلىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇپ، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، سۈيدۈك هەيدەش، قان بىسىمنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن پەيدا بولغان يۈرەك تىترەش، ئۆتكۈر قىزىتما، سەپراۋى تەپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، يۇقىرى قان بېسىم، جىگەر ئىششىقى، جىگەر قېتىش، ئۆت يوللىرىنىڭ توسۇلۇشى، سېرىقلىق چۈشۈش خاراكتېرلىك جىگەر كېسەللىكلىرى، يۈرەك مەنبەلىك ئىششىق، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، هەر قېتىمدا 10—50 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ.

## ئەرەقى بەدىيان

**تەركىبى:** بەدىيان 1 كىلوگرام، دارچىن 100 گرام، چارمىغ (ئوغرىتىكەن) 150 گرام، سۇ 6.5 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن ئەرەق قازىنىغا سېلىپ قاينىتىلىپ، پارلاندۇرۇپ، 5000 مىللىلىتىر دورا ئەرەقى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىنى تازىلاش، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى

ئېچىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن پەيدا بولغان مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكى، كۆز تورلىشىش، بۆرەك مەنبەلىك ئىششىق، جىگەر، تال ئىششىقى، جىگەر، تال توسۇلۇش، ئاشقازان، ئۈچەي خىزمىتىنىڭ سوغۇقتىن بوزۇلۇشى ھەم ئېسىلىشى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50~1000 مىللىلىتىرغا قەدەر تاماقتىن بۇرۇن ئىچىلىدۇ.

## مەجۇن دورا ياسالمىلىرى

مەجۇن دورا ياسالمىسى — رېتسىپ تەركىبىدىكى بىر نەچچە خىل يەككە دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ساپلاشتۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ ياسىلىدىغان دورا ياسالمىسى بولۇپ، تەمى تاتلىق، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى. ئۇ ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدىغان، ئۇزاق ساقلاشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بىر يىلدىن ئون يىلغىچە بۇزۇلمايدۇ ھەمدە ئۈنۈمى ئۆزگەرمەي تۇرىدۇ.

مەجۇن دورا ياسالمىلىرى كۆپىنچە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

### مەجۇنى نۇجاھ

**تەركىبى:** تۇربۇت، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج، ئەفتىمۇن ھەربىرى 150 گرامدىن، پوستى ھېلىلە كابىلە، ھېلىلە، ئامىلە، پوستى ھېلىلە زەرد، قارا ھېلىلە ھەربىرى 300 گرامدىن، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ ئۈچ ھەسسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قاينىتىلىپ كۆپۈكى ئېلىنىپ، دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش

( تازىلاش ) ، نېرۋا جىددىيلىكىنى پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: نورمالسىز سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى ( تۇتقاقلىق كېسەللىك ) ، نېرۋا ئاجىزلىقى، قۇلاق غوڭۇلداش، قەۋزىيەتلىك چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5—10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى سوم

تەركىبى: ئاقلانغان سامساق 600 گرام، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، تەرخەمەك ئۇرۇقى، پەرپىيۇن ھەربىرى 15 گرامدىن، زەپەر 6 گرام، گۈل يېغى 60 گرام، كالا سۈتى 2 كىلوگرام، ھەسەل 2.5 كىلوگرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سامساق چانىلىپ كالا سۈتىدە قاينىتىلىپ پىشۇرۇلۇپ ( سامساق سۈتنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالغۇچە) گۈل يېغىدا قورۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ چەككىلىنىپ دەسلىپىدە قورۇلغان سامساق، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنىنى، ئەڭ ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ سوقۇلغان تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قويۇق بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، تارقىتىش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، مېڭىدىكى قان نۆكچىلىرىنى تارقىتىش، قان - تومۇرلارنى كېڭەيتىش، ماددىلارنى پارچىلاش قاتارلىق تەسىرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، پۇت - قوللار تىترەش، ئۇنتۇغاقلىق، شوك، تىل ئېغىرلىقى، چاچ ئاقىرىش، جىنسىي ئاجىزلىق، بەرەس (ئاقكېسەل) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ بەدەننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىردىن ئىككى قېتىمغىچە، ھەر قېتىمدا 5~7 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، قان بېسىمى يۇقىرى كېسەللىكى بارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى سەرئى

**تەركىبى:** خەربەق سىياھ 100 گرام، پىننە، مەستىكى رۇمى ھەربىرى 30 گرامدىن، ئۇدسەلىپ 45 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قايىنتىلىپ كۆپۈكى ئېلىنىدۇ، سوۋۇغاندىن كېيىن دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، سەزگۈ قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىش، يەل

تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىقى، بىهوشلۇق، سەرئى، مېڭە ئۆسمىسى، ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىيا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، سېزىمىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، هەر قېتىمدا 5~10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى جەدۋار

**تەركىبى:** قۇندۇزقەھرى 20 گرام، مەرۋايىت 15 گرام، جەدۋەر (ئەسلى پارپى) 250 گرام، پەرپىيۇن، ئاقىرقەرھا، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، پىلپىل، كاۋاۋچىن، خولىنجان، قەلەمپۇر، دارچىن، زەنجىۋىل، قاقىلە، لاچىندانە، كۈندۇر، تۇرۇنجى ئەقرەبى، سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇل ھەربىرى 100 گرامدىن، سازەچ ھىندى، سۇمبۇل، ئاسارۇن، بادرەنجى بۇيا، بەسباسە، ئامىلە، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، پوستى تۇرۇنجى، زۇرەمبات، جۇزبۇۋا، ئۇد ھىندى، گاۋزىبان، بالەڭگو ھەربىرى 30 گرامدىن، مەدەستان، ھەسەل، دورا ۋەزنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تەركىبىدىكى قۇندۇزقەھرى، مەرۋايىت، مەدەستان قاتارلىقلار قائىدە بويىچە لايىقلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىدۇ، باشقا دورىلارمۇ يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىدۇ، بىر ئاز سوۋۇغاندا قۇندۇزقەھرى تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 4 - دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز قويۇق بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى تارقىتىش، پىشۇرۇش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، روھنى ئۇيغىتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، پەي، مۇسكۇل تارىمۇشلارنى چىڭىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، بەدەن ئاجىزلىق (كەم قۇۋۋەت)، ئىستىرخائى مىدە، ئىستىرخائى زەكەر، بالىياتقۇ تۆۋەنلەش، بەل، پۇت - قوللارنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىشى، ئاق خۇن كېسەللىكى، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5~7 گرام ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** يۇقىرى قان بېسىم، قىزىتملىق كېسەللىكى بارلارغا بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى ئايارەنجى پەيقىرا بارد

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە زەرد، بادام مېغىزى ھەربىرى 12 گرامدىن، گۈلبىنەپشە 12 گرامدىن، سەبرە، قىزىلگۈل، نېلۇپەر ھەربىرى 30 گرامدىن، كاسىنە ئۇرۇقى، كەتىرا ھەربىرى 15 گرامدىن، سوقمۇنىيا مەھمۇدى ئەسلىدىن 10 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** نورمالسىز قان ۋە سەپرا خىلىتلىرىنى تەنقىيە

قىلىش (تازىلاش)، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، پۇت - قول ئاغرىش، مۇپاسىل، نىقرەس، ئەرقىنىسىنا، جىگەر، قان توسۇلۇش، قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5~8 گرام ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** ئىچى سۈرۈلىدىغان، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە، كىچىك بالىلارغا، ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى ئايارەنجى پەيقىرا مۆئتىدىل

**تەركىبى:** كەترا 10 گرام، نەمەك ھىندى، قىزىلگۈل ھەربىرى 60 گرامدىن، زەنجىۋىل 30 گرام، شەھمەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز) 35 گرام، مەھمۇدى (سوقمۇنىيا) 40 گرام، پوستى ھېلىلە كابىلە، ئەفتىمۇن (سېرىقئوت بەرگى) ھەربىرى 50 گرامدىن، ئۇستۇقۇددۇس 60 گرام، پوستى ھېلىلە زەرد 70 گرام، تۇربۇت، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ دورا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قويۇق ماددىلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچنى سۈرۈش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا، خىلىتلارنى تازىلاش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىقى، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز

تورلىشىش، كۆز قىچىشىش، پالەچ، لەقۋا، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** ھامىلىدار ئاياللارغا، بالىلارغا، ئىچى سۈرگەن، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە، قىزىتمىسى بار بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى ئايارەنجى پەيقىرا ھار

**تەركىبى:** سۇمبۇل، دارچىن، ئۇد بىلىسان، مەستىكى، سەلىخە (قېلىن دارچىن)، ئاسارۇن ھەربىرى 1700 گرامدىن، سەبرى 200 گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ چەككىلىنىپ دورا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقى، قۇلاق، كۆز ئاغرىش، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخائى بەدەن، بوغۇم ئاغرىقلىرى، تىل ئېغىرلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىرقېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىچىلىدۇ.

## مەجۇنى ئايارەنجى پەيقىرا كەبىرى

**تەركىبى:** ھەببىبىلىسان، ئۆدبىلىسان، مەستىكى رۇمى، سەلىخە، سۇمبۇل، ئىزخىر، ئاسارۇن، غارىقۇن، پارپا، زەپەر ھەربىرى 100 گرامدىن، سەبرى 800 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئازراق سوۋۇغاندا زەپەرنىڭ تالقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 - دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قاندىكى ماينى تۆۋەنلىتىش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىش، قاندىكى ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرى، پالەچ، لەقۋا، بەلغەم، سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولغان كۆمۈرچەك ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** تېنى ئاجىز كىشىلەرگە، كىچىك باللارغا، ئىچى سۈرۈلگەنلەرگە، ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

# مەجۇنى ئايارەنجى لوخانزىيا

**تەركىبى:** سازەج ھىندى، پىننە، جۆئىدە، پەرپىيۇن ھەربىرى 6 گرامدىن، زىراۋەندە، زەنجىۋىل، ھوماما، جىنتىيانا ھەربىرى 9 گرامدىن، پىلپىل، قارىمۇچ، زەپىران، دارچىن، مۇرمەككى، پەتەر ئاسالىيون ھەربىرى 15 گرامدىن، ئۇستقۇددۇس، جاۋشىر، سەكبىنەچ، بىستىپايەج، ئەفسەنتىن رۇمى (رۇمنىڭ ئەمىنى) ھەربىرى 5 گرامدىن، كامادەريوس، كۇدە ئۇرۇقى ھەربىرى 25 گرامدىن، ھەببۇلغار، ھۇپارىقۇن، سەلىخە، غارىقۇن، خەربەق سىياھ، ئۇشەق، ئەفتىمۇن ھەربىرى 20 گرامدىن، شەھمەنزەل، مەھمۇدى ئەسلى، سەبرى ھەربىرى 30 گرامدىن، ھەسەل 3 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** يۇقىرىدىكى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئېرىتىلىپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈش، يەل تارقىتىش، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاندىكى مايىنى تۆۋەنلىتىش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** پۇت ـ قول ئاغرىش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، يەللىك قۇلۇنجى، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، قاندىكى ماي ماددىسى يۇقىرىلاش، بەلغەم، سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم، قەۋزىيەتلىك بەرەس قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3

گرامدىن 5 گرامغىچە ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** ھامىلىدار ئاياللارغا، كىچىك باللارغا، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە، ئىچى سۇرگەن كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى لوخانزىيا كەبىرى

**تەركىبى:** شەھمەبنزەل، ئەنسىل، غارىقۇن، مەھمۇدى، خەربەق سىياھ، ئۇستقۇددۇس، پىننە، سازەج ھىندى، كۇدە ئۇرۇقى، ئۇشەق ھەربىرى 12 گرامدىن، جۇئىدە، ھۇپارىقۇن، مۇرمەككى، پەرپىيۇن، پىلپىل، قۇندۇزقەھرى، زەپەر، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، دارچىن، ئىبگىر، زىراۋەندە، ئەمەن، بىستىپايەنج، سەكبىنەج، جاۋشىر، ئاسارۇن، سۇمبۇل، ھوماما، جىنتىيانا، سەلىخە (قىلىن دارچىن)، قۇستە تەلخ (ئاچچىق قۇستە)، زەنجىۋىل، ھەببۇلغار، غاپەس، ئوردان، توغرىغۇ، مەۋسەل سەفىد، ئىزخىر، مۇقەل، ھەببۇلمۇلۇك مۇدەببەر ھەبىرى 6 گرامدىن، سەبرى، كامادىريوس ھەربىرى 12 گرامدىن، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى 3 گرام، قەلەمپۇر، رۇم بەدىيان، قان تېپەر، مەستىكى رۇمى، سۇرۇنجان مىسىر، رەۋەن چىنى، سانامەككى ھەربىرى 12 گرامدىن، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ 2 ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۇرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ قىزدۇرۇپ چەككىلەنگەن ھەسەل قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى تەنقىيە قىلىش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش،

ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولغان قان تومۇر قېتىش، بالىياتقۇ سوۋۇپ كېتىش، ئاقكېسەل، ھەرخىل تەمرەتكە، جوزام، قىچىشقاق، پالەچ، رەئشە، تارتىشىپ قېلىش، تۇرلۇك بەلغىمى شور ھەم سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 3 گرامغىچە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** تېنى ئاجىزلارغا، كىچىك بالىلارغا، ھامىلىدار ئاياللارغا، ئىچى سۈرگەن كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى بايادەيتۇس

**تەركىبى:** سەبرى، غارىقۇن ھەربىرى 30 گرامدىن، دارچىن، ئىگىر، ھەببى بىلىسان، ئۇد بىلىسان، پەرپىيۇن، ئىزخىرمەككى، مەستىكى رۇمى، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، پىلپىل، مەدەستان، جىنتىيانا، ھوماما، قەردمانە، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، كامادەريوس، ئەفتىمۇن، قۇستە تەلخ ھەربىرى 12 گرامدىن، بوزۇغا، سەلىخە، ئاسارۇن، مەھمۇدى، سۇمبۇل، شەھمەئزەل ھەربىرى 9 گرامدىن، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ، قىزدۇرۇلۇپ چەككىلەنگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، بەدەننى قىزىتىپ، تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى ساقلاش، يەل تارقىتىش، سوغۇقتىن بولغان

ئاغرىقلارنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىياتقۇ سوۋۇپ كېتىش، سوغۇقتىن، يەلدىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ يەل كېسەللىكى، بەل ئاغرىش، يەللىك قۇلۇنجى، پۇت ـ قول ئاغرىش، مۇپاسىل، نىقرەس، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، كۆمۈرچەك ئۆسمىسى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىرقېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گىرامدىن 3 گىرامغىچە ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** ھامىلىدار ئاياللارغا، ئىسسىقچان، قىزىتمىسى يۇقىرى كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى سىيازەرىيتۇس جالىنوس

**تەركىبى:** سەبرى 36 گىرام، غارىقۇن 24 گىرام، زەپەر، دارچىن، ئىگىر، مەستىكى رۇمى، بىلىسان يېغى ھەربىرى 9 گىرامدىن، ئەفتىمۇن، قۇستە تەلىخ، كامادەريوس ھەربىرى 12 گىرام، رەۋەنچىنى، ئۇد بىلىسان، پىننە، ئىزخىر، ھوماما ھەربىرى 3 گىرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ بىلىسان يېغى بىلەن دورا تالقىنى ياغلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سوۋۇغاندا زەپەرنىڭ شالايە قىلىنغان تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش قاتارلىق

تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، ئىستىرخا، سەرئى، مېڭىدىكى توسۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان ھوشسىزلىق، يەللىك قولۇنجى، جىگەر، قان توسۇلۇش، ئاق كېسەل، كۆز كېسەللىكلىرى، قان تومۇر توسۇلۇشتىن بولغان كۆز تورلۇشۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 3 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قىزىتمىسى بار كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## مەجۇنى سۆرۈنجان I

**تەركىبى:** زەنجىۋىل، پىلپىل، ئاسارۇن، تاغ زىرىسى ھەربىرى 15 گرامدىن، سۆرۈنجان مىسرى 60 گرام، سانا مەككى 30 گرام، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن دورا تالقانلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان مىخاسىل، نىقرىس، ئىرقىنسىنا، ئىرىپ، پەي ئىششىقى، قەۋزىيەتلىك سوغۇق

يەلدىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 3 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى سۆرۈنجان II

**تەركىبى:** سۆرۈنجان مىسرى 150 گرام، سانامەككى 15گرام، ئاسارۇن، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، قارا زىرە، پىلپىل ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، شۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** مۇپاسىل، نىقرىس، ئىرقۇننىسا، ھەرخىل سۇلۇق ئىششىقلار، پالەچ، لەقۋا، رەئشە قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 4 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قىزىتمىلىق كېسەللەرگە، ئىچى سۈرگەن كېسەللەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى

**تەركىبى:** بوزىغا، مەرۋايىت، كەھرىۋا، مارجان، پىلە

غوزىكى ھەربىرى 6 گرامدىن، ئاق بەھمەن سەفىت ھەربىرى 12 گرامدىن، بەھمەن سۇرۇخ، سازەچ ھىندى، سۇمبۇل، قاقىلە، لاچىندانە، قەلەمپۇر ھەربىرى 12 گرامدىن، پىلپىل، زەنجىۋىل، ئىپار ھەربىرى 6 گرامدىن، دارچىن، زەپىران ھەربىرى 3 گرامدىن، گاۋزىبان 8 گرام، رەيھان، ئۇستقۇدۇس، كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تاباشىر ھەربىرى 8 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن مەرۋايىت، كەھرىۋا، مارجان قاتارلىق دورىلار چالا سوقۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ. ئىپار بىلەن زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنىپ، بىر ئاز سۇۋۇغاندا ئىپار، زەپەر تالقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمىي دورىلار تالقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا مەرۋايىت، كەھرىۋا، مارجان قاتارلىق دورىلارنىڭ كۈشتە قىلىنغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىش، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، نېرۋا ۋە يۈرەك زەئىپلىكى، ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كېسەل كۈندە 1 ـ 2 قېتىم ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 5 گرامغىچە تىل ئاستىغا سېلىپ شۈمۈپ يېسە بولىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى كەبىرى

تەركىبى: زۇرەمبات، دورۇنەج ئەقرەبى، سەدەپ (قۇلۇلە قېپى)، كەھرىۋا، شاخ مارجان ھەربىرى 30 گرامدىن، پىلە غوزىكى، سۇمبۇل، قاقىلە، لاچىندانە، قىزىلگۈل، جۇزبۇۋا، بەسباسە، سەدى كۇفى ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل ھەربىرى 6 گرامدىن، ئۆشنە، پىلپىل، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، توم زەنجىۋىل، زەپەر ھەربىرى 12 گرامدىن، يېشىل ياقۇت، نارمىشكى، پەرەنجىمىشكى، گۈل دارچىن، قەلەمپۇر، گاۋزىبان ھىندى، بالەنگۇ، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەنج، قۇندۇزقەھرى ھەربىرى 9 گرامدىن، پوستى تۇرۇنجى، تاباشىر، كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، ئالما شىرنىسى 60 مىللىلىتىر، ئانار شىرنىسى 250 مىللىلىتىر، ھەسەل بىر ھەسسە.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىقى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى سەدەپ، مەرۋايىت، قىزىل ياقۇت، كەھرىۋا، شاخ مارجان، يېشىل ياقۇت قاتارلىق دورىلار لايىقلاشتۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە چالا سوقۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ.

ئەنبەر، ئىپار، زەپەر قاتارلىق دورىلار سالايە ھاۋانچىسىدا سالايە قىلىنىدۇ. ئانار شىرنىسى بىلەن ئالما شىرنىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قىيام قىلىنىدۇ. قىيام بولغاندا قىيامنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ، بىر ئاز سوۋۇغاندا ئىپار، ئەنبەر، زەپەر تالقىنىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان گۈل

چېچەك، بىخ، چۈپ دورىلارنىڭ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا مەدەن دورىلارنىڭ كۆشتە قىلىنغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يۈرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى ساقلاش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەك ئاغرىش، يۈرەك زەئىپلىكى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 5 گرامغىچە تىل ئاستىغا سېلىپ شۈمۈلىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى شېرىن

**تەركىبى:** زورەمبات، دۇرۇنەج ئەقرەبى، مەرۋايىت، كەھرىۋا، سەدەپ، شاخ مارجان، قىزىل ياقۇت، نارمىشكى، فەرەنجمىشكى، بەسباسە، خولىنجان، مەستىكى، سۇمبۇل ھەربىرى 3 گرامدىن، جۇزبۇۋا 4 گرام، ئانارگۈلى 4 گرام، ئاسارۇن، دارچىن، سەلىخە (قېلىن دارچىن)، پارپا، قاقىلە، لاچىندانە، سازەج ھىندى، ئۇستقۇددۇس، بالەنگۈ، زەپەر، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ ھەربىرى 3 گرامدىن، ئىپار 1.5 گرام، ئالما شەربىتى 90 گرام، ئالتۇق ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق 10 دانە، ھەسەل دورا مىقدارىنىڭ 1 ھەسسىدىن 2 ھەسسىسىگىچە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسىتىلگەن مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەرۋايىت،

قىزىل ياقۇت، كەھرىۋا، مارجان قاتارلىق دورىلار لايىقلاشتۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە چالا سوقۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. زەپەر، ئىپار، ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. پىلە غوزىكى ئەلگەكتىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە يۇمشاق قىرقىلىپ تاسقىلىدۇ. قالغان دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاخىرىدا ھەسەلگە ئالما شەربىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ دەسلەپىدە سالايە قىلىنغان دورىلار بىلەن كۆشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنىنى، ئاخىرىدا پىلە غوزىكى تالقىنىنى ۋە باشقا دورىلار تالقىنىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، قاننى جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك زەئىپلىكى، نىسيان، سەرئى، مالىخولىيا دىماغى، پالەچ، لەقۋا، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى يەل كېسەللىكى، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 5 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى بارد

**تەركىبى:** مەرۋايىت، كەھرىۋا، سەدەپ، بىخ مارجان، قىرقىلغان پىلە ھەربىرى 6 گرامدىن، تاباشىر، قىزىلگۈل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن، ئىپار 1.5 گرام، ھەسەل ياكى ناۋات 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قۇرۇق قورۇلۇپ سارغايتىلىدۇ، مەرۋايىت، كەھرىۋا، سەدەپ، بىخ مارجان

قاتارلىق دورىلار كۆشتە قىلىنىدۇ. ئەپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنىپ سوۋۇتقاندا سالايە قىلىنغان دورا تالقىنى ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى سېلىنىپ تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، باشقا دورىلار تالقىنى سېلىنىپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** يۈرەك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن (قان، سەپرا) بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى ياخشىلاش، مېڭە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆڭلى ئاينىش، نورمالسىز قان، سەپرا خىلتى تەسىرىدىن بولغان ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى، ئۆپكە سىلى ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 4 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى كۇركۇم

**تەركىبى:** زەپەر 38 گرام، ئاسارۇن، رۇم بەدىيان، دوقۇ (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى)، پەتەرئاسالىيۇن (تاغ زىرىسى)، رەۋەنچىنى، مۇرمەككى ھەربىرى 12 گرامدىن، دارچىن، ئىزخىر، قۇستە تەلخ ھەربىرى 3 گرامدىن، ئۈردان 6 گرام، رۇبىسۇس، جۆئىدە، مەستىكى رۇمى، غاپەس ھەربىرى 9 گرامدىن، رەۋغەنىي بىلسان يېغى 15 گرام، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن 3 ھەسسىسىگىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. رۇبىبىسۇس بىلەن بىلىسان يېغىدىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەلنىڭ كۆپۈكى ئايرىلىپ، رۇبىبىسۇس سىپلىنىپ ئېرىتىلىدۇ. بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەرنىڭ سالايە قىلىنغان تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى بىلىسان يېغى بىلەن مايلاپ قىيامغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، بۆرەك، دوۋساقنى كۈچلەندۈرۈپ، سۈيدۈك ھەيدەش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئۇنتۇغاقلىق، جىگەر زەئىپلىكى، جىگەر، قان ئىششىقى، يەللىك قۇلۇنجى، ئىستىسقائى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 گرامدىن 6 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى ھار I

**تەركىبى:** دۇرۇنەج ئەقرەبى، زورەمبات، مەرۋايىت، كەھرىۋا، بىخ مارجان ھەربىرى 30 گرامدىن، قىرقىلغان پىلە 18 گرام، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، سۇمبۇل، سازەچ ھىندى، قاقىلە، قەرنىپىل (قەلەمپۇر)، ئۆشنە، پىلپىل، زەنجىۋىل ھەربىرى 12 گرام، ھەسەل دورا ۋەزنىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن 3 ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەرۋايىت، كەھرىۋا، بىخ مارجان قاتارلىق دورىلار چالا سوقۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. ئىپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى سېلىنىدۇ. ئارقىدىن باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى سېلىنىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 2 - دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ بەدەننى قىزىتىش، سېزىمنى كۈچەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز بەلغەم سەۋدا خىلتلىرى تەسىرىدىن بولغان تۈرلۈك يۈرەك كېسەللىكلىرى يەنى يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك، يۈرەك زەئىپلىكى، قان قويۇلۇپ قېلىش (بەلغەم، سەۋدادىن)، ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىيا، باش ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلاش (كەم قۇۋۋەت)، پالەچ، لەقۋا، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى داۋائىلمىشكى ھار Ⅱ

**تەركىبى:** مەرۋايىت، كەھرىۋا، شاخ مارجان، زۇرەمبات، تۇرۇنجى ئەقرەبى، قىرقىلغان پىلە، سۇمبۇل، ئۆشنە،

قەلەمپۇر، ئۇدخام، سازەج ھىندى، بەھمەن سەفىت ، بەھمەن سۇرۇخ، ئۇدسەلىپ، بالەڭگۇ، قاقىلە، لاچىندانە، سۆگلەپ، شاقاقۇل، گاۋزىبان، ئۇدھىندى، چىنى رەيھان ھەربىرى 6 گرامدىن، سەئدى كۇفى، پەرەنجىمىشكى، نارمىشكى، زەپىران، قۇندۇزقەھرى، قىزىل ياقۇت، قاشتېشى، سەدەپ (قۇلۇلە قېپى)، ھەقىق، زۇمرەت ھەربىرى 5 گرامدىن، پىلپىل، زەنجىۋىل، بەسباسە، ئىپار، ئەنبەر ھەربىرى 1.5 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۇمۇش ۋەرەق ھەربىرى 10 دانىدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى شاخ مارجان، مەرۋايىت، ياقۇت، قاشتېشى، ھەقىق، زۇمرەت، سەدەپ قاتارلىق دورىلار چالا سوقۇلۇپ سالايە قىلىنىدۇ. ئىپار ئەنبەر (زەپەر، قۇندۇز قەھرى) ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە سالايە قىلىنغان ۋە كۇشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى بىلەن ۋەرەقىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى كۈچەيتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتى تەسىرىدىن بولغان يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك چالاڭغۇراش، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك، قان ئازلىق، بۆرەك زەئىپلىكى، جىنسىي ئاجىزلىق، نېرۋا

ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن 5 گرامغىچە ئەتىگەن ناشتىدا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى خېمىرى مەرۋايىت

**تەركىبى:** مەرۋايىت، ياقۇت، زۇمرەت، كەھرىۋا، شاخ مارجان، سەدەپ، ئاق سەندەل، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەربىرى 21 گرامدىن، قىرقىلغان پىلە 90 گرام، ئەنبەر، ئىپار ھەربىرى 3 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 5 دانىدىن، ناۋات ياكى ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار چالا سوقۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ. ئىپار بىلەن ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ناۋات بىلەن قىيام تەييارلاپ سوۋۇغاندا كۈشتە قىلىنغان، سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ۋە ۋەرەقىلەردىن قىيامغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك

كېسەللىكلىرى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، قان، سەپرا خىلتىدىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 7 گرامغىچە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت ھار

تەركىبى: ياقۇت، سېرىق قاشتېشى، غارىقۇن، قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، قەلەمپۇر، سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن)، تۇخۇمى رەيھان، ھەجەرۇل ئەرمىنى، لاجۇۋەرد، بوزۇغا ھەربىرى 6 گرامدىن، تۇرۇنجى ئەقرەبى، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، گاۋزىبان ھەربىرى 6 گرامدىن، سۇمبۇل، ھۇپارىقۇن ھەربىرى 3 گرامدىن، ھوماما، سازەج ھىندى، دارچىن، يالپۇز، زۇپا، تۇخۇمى كەرەپشە، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، مۇرمەككى، كۈندۇر، زەپىران، ئاقمۇچ، پىل تېشى ھەربىرى 30 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 5 دانىدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار چالا سوقۇلۇپ، ئوتتا قىزىتىلىپ كۈشتە قىلىنىدۇ. زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزىتىلىپ كۆپۈكى ئايرىلىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا كۈشتە قىلىنغان ۋە سالايە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى بىلەن ۋەرەقىلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش قاتارلىق تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** تۈرلۈك مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك قان - تومۇرلىرىنىڭ قېتىشى، يۈرەك مۇسكۇلى ئاغرىش، يۈرەك - مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك، جىگەر، قان ئىششىقلىرى، ئىچى سۈرۈش، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە زەئىپلىكى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت سەرت

**تەركىبى:** قىزىلگۈل، تاباشىر، پوستى تۇرۇنجى، كاسىنە ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، گاۋزىبان، بەھمەن سەفىت، بەھمەن ئۇرۇقى، لاجۇۋەرد، قىزىل ياقۇت، كەھرىۋا، شاخ مارجان ھەربىرى 6 گرامدىن، مەرۋايىت، سېرىق ئوت ھەربىرى 3 گرامدىن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، بەرگۈناي ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن، زەپەر 1.5 گرام، ئامىلە قېقى 30 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 6 دانىدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلارنى كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن

دورىلار چالا سوقۇلۇپ ئوت بىلەن قىزىتىپ كۆشتە قىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەلنى قىزدۇرۇپ كۆپۈكىنى ئايرىۋېتىپ سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ۋە ۋەرەقىلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، ھوشسىزلىق (سەرئى)، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، مېڭە خىزمىتىنىڭ جىددىيلىشىشى، يۇقىرى قان بېسىم، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى مۇپەررىھى ياقۇت كەبىرى مۆئتىدىل

**تەركىبى:** مەرۋايىت 15 گرام، ياقۇت، گېلى مەختۇم، بادرەنجى بۇيا، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، گاۋزىبان ھىندى، رەۋەنچىنى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئۇد ھىندى، پىلە غوزىكى ھەربىرى 6 گرامدىن، بېھى شەربىتى 12 گرام، سەدەپ 12 گرام، شاخ مارجان، سازەج ھىندى، زورەمباد، تۇرۇنجى ئەقرەبى، لاجۇۋەرد، قىزىل ياقۇت، كەھرىۋا، پەرەنجىمىشكى، قاپاق ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، پوستى تۇرۇنجى ھەربىرى

6 گرامدىن، تاباشىر، قىزىلگۈل، كافۇر ھەربىرى 15 گرام، ئامىلە 60 گرام، پوستى ھېلىلە زەرد، ئالما سۈيى، ئانار سۈيى ھەربىرى 18 گرامدىن، ئەنبەر 8 گرام، ئىپار 3 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار چالا سوقۇلۇپ ئوت بىلەن قىزىتىلىپ كۈشتە قىلىنىدۇ. ئىپار، ئەنبەر، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. مېۋە سۈيلىرىدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ، كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا كۈشتە قىلىنغان ۋە سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى سېلىنىدۇ. ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ ئۇيقۇنى نورماللاشتۇرۇش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: تۆت خىل خىلتتىن بولغان مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى، نېرۋا خىزمىتى تېزلاپ كېتىش، يۈرەك، مېڭە قان ـ تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى، مېڭە قان تومۇر قېتىش، تاجىسمان ئارتېرىيە قېتىش، جىگەر، قان، ئۆت ئىششىقلىرى ھەم قىزىتمىلىق ئۆپكە سىل كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئاساناسىيا كەبىرى

تەركىبى: زەپەر، قۇستە تەلىخ، سۇمبۇل، مەدەستان، ئۇد

بىلىسان، ئەفتىمۇن، سەلىخە (قىلىن دارچىن) ھەربىرى 3 گرامدىن، غاپەس 6 گرام، بىخ (بىخ سۇس) مۇھەك 9 گرام، مۇرمەككى 15 گرام، بەزرۇلبەنجى، خەشخاش جەۋھىرى (ئەپيۇن)، قۇندۇز قەھرى، بۆرە جىگىرى ھەربىرى 15 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەستان كۇشتە قىلىنىدۇ. زەپەر، قۇندۇز قەھرى ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. بۆرە جىگىرىدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن دەسلىپىدە بۆرە جىگىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇشتە قىلىنغان ۋە سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنىنى، ئەڭ ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** دەم سىقىلىش، ئۆپكە سىلى، ئۆپكە مەنبەلىك يۇرەك كېسەللىكى، سىل خاراكتېرلىك كۆكرەك پەردە ياللۇغى، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، سۇلۇق ئىششىقلار، ئۇزاققا سوزۇلغان نەپەس يولى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى سەنجىرىنا

**تەركىبى:** قۇندۇز قەھرى، دارچىن، ئاسارۇن، ئاق موم، تاغ زەدىكى ئۇرۇقى ھەربىرى 3 گرامدىن، پىلپىل، ئاقمۇچ،

قارىمۇچ، بەسباسە، قۇستە تەلىخ ھەربىرى 18 گرامدىن، زەپەر 3 گرام، ئەپيۇن 6 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** رېتسېپتىكى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇندۇزقەھرى، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئۆپكە كېسەللىكى، دەم سىقىلىش، ئاستا خاراكتېرلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان نەپەس يوللىرى ياللۇغى، يۆتەل، يۈرەك زەئىپلىكى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى، ئاق خۇن كېسەللىكى، بەل ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرامدىن 3 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى بەرشىشا (تېز تەسىر كۆرسەتكۈچى مەجۇن)

**تەركىبى:** قارىمۇچ، ئاقمۇچ، بەزرۇلبەنجى ھەربىرى 60 گرامدىن، ئەپيۇن 30 گرام، زەپەر 15 گرام، سۇمبۇل، ئاقىرقەرھا، پەرپىيۇن، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى 3

گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر، ئەپيۇن سالايە قىلىنىپ، باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاغرىق پەسەيتىش، تىــــنچلاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، زۇكام، نەزلە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي بالدۇر كېتىش، ئۆپكە سىلى، ئاق خۇن كېسەللىكلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان ئىستىرخا، كۆپ تەرلەش، ئۇچەي توسۇلۇش، قۇلاق غۇڭۇلداش، كـۆز قـاراڭغـۇلـىـــشــــش، ئەپيۇنكەشلەرنىڭ خۇمارىنى يوقىتىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرامدىن 3 گرامغىچە ئىچىلىدۇ.

**دىققەت:** بۇ دورىنىڭ خاسىيىتى كۆپ بولۇپ، ئۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇنۇمى ياخشى. لېكىن، ياش بالىلارغا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. شۇنداقلا بىر كېسەلگە ئۇزاققىچە كۆپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، كېسەلنى بۇ دورىغا ئادەتلەندۇرۇپ (خۇمار قىلىپ) قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ دورىنى ئىستېمال قىلغاندا يەل ـ يېمىش يېمەسلىك، سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك

كېرەك.

## مەجۇنى بەرشىشا كەبىرى

**تەركىبى:** پىلپىل، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، بەزرۇلبەنجى ھەربىرى 60 گرامدىن، سۇمبۇل، ئاقىرقەرھا، پەرپىيۇن ھەربىرى 7 گرامدىن، زەپەر 15 گرام، ئەپيۇن 30 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى مېغىزى 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر، ئەپيۇن سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ چەككىلەپ بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، بەلغەم بوشتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەمى يۆتەل، دەم سىقىلىش، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش (سىيىلان رەھمى)، مەنىي تېز كېتىش، بۆرەك زەئىپلىكى، سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، زۇكام پىشقاندىن كېيىنكى نەزلىنى توختىتىش، ئۇيقۇسىزلىق، چىش ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرامدىن 2 گرامغىچىلىك ئاخشىمى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** زۇكامنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، قىزىتمىسى بار

كېسەللەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى

**تەركىبى:** گاۋزىبان 24 گرام، گۈل گاۋزىبان 9 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قىرقىلغان پىلە غوزىكى، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، بالەڭگۇ، ئاق سەندەل، پەرەنجىمىشكى ھەربىرى 9 گرام، ئەنبەر، ئىپار 4 گرامدىن، تاباشىر 3 گرام، شېكەر ياكى ناۋات بىر كىلوگرام، ھەسەل 50 گرام، كۈمۈش ۋەرەق 10 دانە، ئالتۇن ۋەرەق 10 دانە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنبەر، ئىپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ناۋات ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىپ، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى، ۋەرەقلەر (ۋەرەق) تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىش نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش، نورمالسىز سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، باش ئاغرىش، ئايلىنىپ كېتىش، نېرۋا خاراكتېرلىك يۈرەك كېسەللىكلىرى، مېڭە قان تومۇر قېتىش، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلەپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى سەرئى

**تەركىبى:** خەربەق سىياھ 90 گرام، پىننە، مەستىكى ھەربىرى 30 گرام، ئۇد سەلىپ 45 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سەزگۈ ئەزالارنىڭ سېزىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، يەل تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا، مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش، باش ئاغرىش، ھېس ـ سەزگۈ تۆۋەنلەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىردىن ئىككى قېتىمغىچە، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى مەسرۇدىتۇس

**تەركىبى:** ئىزخىر، ئۇستقۇددۇس، ھىلىك ئۇرۇقى، كامادريۇس، مەستىكى، پىلپىل، ئۇسارەلىھيەتۇتتيس، قۇندۇزقەھرى، جاۋشىر، ھەببى بىلسان، قۇستە شېرىن، يالپۇز، ئۇشەق، ئېگىر، سەكبىنەچ ھەربىرى 40 گرام، سەلىخە، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، سۆرۈنجان مىسرى، جۆئىدە،

ئۇستى قۇدۇريۇن، تاغ زەردىكى ئۇرۇقى، ئىكلىلمىلىــــك، جىنتىيانا، رەۋغەنى بىلىسان، پەرپىيۇن، مۇقەل ھەربىرى 21 گرامدىن، پەتەرئاسالىيۇن، قەردمانا، ئەپيۇن، بەدىيان ھەربىرى 15 گرامدىن، رۇم بەدىيان، ئاسارۇن، نارجىل، جۆز، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاقاقىيا 12 گرام، ئۇستقۇددۇس 3 گرام، ھۇپارىقۇن 13 گرام، سۆزاپ 6 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىــن، قۇندۇزقەھرى، ئەپيۇن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بىلىسان يېغى بىلەن ياغلىنىــــدۇ. ھەسەلنى قىزدۇرۇپ چەككىلەپ كۆپۈكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىــــرىنــــى پىشۇرۇش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىــش قاتارلىق تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدا خىلىتى تەسىرىدىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقــى، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بوغۇم ئاغرىقلىــرى، پۇت ـ قوللار ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن سوغۇقچان كىشىلەرگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈنــدە بىــر قېتــــم، ھەر

قىتىمدا 2 ـ 3 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
دىققەت: سەپرا مىزاج، ئىسسىقچان كىشىلەرگە، 12 ياشتىن كىچىك بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى جەدۋار كەبىرى

تەركىبى: قۇندۇزقەھرى 9 گرام، مەرۋايىت 6 گرام، جەدۋار 90 گرام، پەرپىيۇن، ئاقىرقەرھا، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، پىلپىل، كاۋاۋچىن، خولىنجان، پىلپىل، مويە (پىلپىل يىلتىزى)، دارچىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، قاقىلە، لاچىندانە، مەدەستان، كۇندۇر، تۇرۇنجى ئەقرەبى، سۆئلەپ، شاقاقۇل ھەربىرى 30 گرامدىن، سازەج ھىندى، سۇمبۇل، ئاسارۇن، بادرەنجىبۇيا، بەسباسە، ئامىلە، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، پوستى تۇرۇنجى، زورەمبات، جۇزبۇۋا، ئۇدھىندى، گاۋزىبان، بالەنگو، جۆز رەسمى 15 گرامدىن، پەنىرمايە 15 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى قۇندۇزقەھرى ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. مەرۋايىت، مەدەستان قاتارلىقلار قىرىدۇرۇلۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل چەككىلىنىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا قۇندۇزقەھرى تالقىنى ۋە كۇشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق

تەسىرى: يۈرەك، بۆرەك، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، بەدەننى قىزىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئىستىرخائى بەدەن، بەدەن ئۇرۇقلاش، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي سۈيۈلۈپ كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، بەلغەم، سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولغان يۈرەك زەئىپلىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ـ 5 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خېمىرى ئەبرىشىم

تەركىبى: ئۇد ھىندى، ئاق سەندەل، سۇمبۇل، پىستە مېغىزى، جۆز، مەستىكى، قەلەمپۇر، لاچىندانە، سازەج ھىندى ھەربىرى 6 گرامدىن، مەرۋايىت، كەھرىۋا، شاخ مارجان، بىخ مارجان ھەربىرى 9 گرامدىن، زەپەر 9 گرام، قىزىل ياقۇت 4 گرام، قىرقىلغان پىلە، گاۋزىبان، بېدىمىشكى ھەربىرى 10 گرامدىن، قىزىلگۈل ئەرقى، ئالما، ئانار سۇلىرى، قەنت ھەربىرى 360 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 40 دانە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ، مەدەن دورىلار قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. ئەرەق مېۋە سۇلىرى ۋە ۋەرەقلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەنتكە ئەرەق ۋە مېۋە سۇلىرى قويۇق قىيام قىلىنىپ، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە

قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى ۋە ۋەرەقىلەردىن تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە يۈرەك قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىشى، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلەپ كېتىش، يۈرەك قېپى ئاغرىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خېمىرى گاۋزىبان سادده

**تەركىبى:** گاۋزىبان، گۇل گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، ۇستقۇددۇس ھەربىرى 48 گرامدىن، ئەفتىمۇن، قىزىلگۈل 3گرامدىن، بىستىپايەنج 15 گرام، پىلە غوزىكى 60 گرام، ەرقى گاۋزىبان 300 گرام، شېكەر 500 گرام، ناۋات 150 ىرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بارلىق دورىلار سوقۇلۇپ ەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شېكەر بىلەن ناۋات ئارىلاشتۇرۇلۇپ، اۋزىبان ئەرەقى قويۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ. ھەمدە دورىلارنىڭ

تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە قان تومۇرى قېتىش، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقى، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلەش، يۈرەك زەئىپلىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا مېڭە، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، جىددىيلىكنى پەسەيتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، هەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئەلھەبۇبى

**تەركىبى:** پوستى هېلىلە كابىلە، پوستى هېلىلە زەرد، ئامىلە، دارچىن، قارىمۇچ، كەزمازەچ (يۇلغۇن مېۋىسى)، كاۋاۋچىن، كۆك كىشمىش هەربىرى 15 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق هەربىرى 10 دانىدىن، هەسەل 1.5 هەسسە (بىر يېرىم هەسسە).

**تەييارلىنىشى:** تەركىبىدىكى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كىشمىش ئايرىم ئېزىلىدۇ. قالغان بارلىق دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. هەسەل قىزدۇرۇلۇپ چەككىلەنگەندىن كېيىن، دەسلىپىدە كىشمىش سېلىنىدۇ، ئاخىرىدا باشقا

دورىلارنىڭ تالقىنى بىلەن ۋەرەقىلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك زەئىپلىكى، دەم سىقىلىش، بەلغەم چىقىرالماسلىق، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى پولونىيا پارىسى

**تەركىبى:** قارىمۇچ، بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن ھەربىرى 6 گرامدىن، قۇندۇزقەھرى 3 گرام، زورەمبات 2 گرام، تۇرۇنجى ئەقرەبى 2 گرام، ئىپار 1.5 گرام، مەرۋايىت 1.5 گرام، ھەسەل 50 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى ئەپيۇن، نۇندۇزقەھرى، ئىپار قاتارلىقلار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ەرۋايىت قىزدۇرۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار موقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل ىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە

قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، سەرئى، مالىخولىيا، باش ئاغرىقى، بەلغەم، سەۋداۋىي بولغان مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، ئاق خۇن قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ـ 5 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى جاۋاھىرمىسرى

**تەركىبى:** مەرۋايىت، كەھرىۋا، لاجۇۋەرد، قىزىل ياقۇت، كۆك ياقۇت، سېرىق ياقۇت، زۇمرەت، قىزىل ئەقىق ھەربىرى 6 گرامدىن، مەستىكى رۇمى 6 گرام، پارپا، نارجىل، جۆز ھەربىرى 3 گرام، مۇمىيا 3 گرام، ئەنبەر، ئىپار ھەربىرى 3 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 10 دانە، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. ئىپار، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ

ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئازراق سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۇشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا ۋەرەقىلەر ۋە باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان مېڭە، يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكى، يەنى يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلەش، دەم تۇتۇلۇش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، نېرۋا خاراكتېرلىك يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى نەمەكى سۇلايمانى

**تەركىبى:** نەمەك لاھۇر، نەمەكى ھىندى، نۇشۇدۇر، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 45 گرامدىن، ئىزخىر 12 گرام، ئەفتىمۇن 6 گرامدىن، سۇمبۇل، زىرە كېرمانى ھەربىرى 6 گرامدىن، دارچىن، سەۋزە ئۇرۇقى، زەنجىۋىل، زاراڭزا ئۇرۇقى، بىخ سەۋسەن، رۇم بەدىيان ھەربىرى 3 گرام، ھەسەل 2 ـ 6 ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ

قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ، بەدەننى قىزىتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك چالاڭغۇراش، يەلدىن بولغان يۈرەك كېسەللىكى، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاغرىقلىرى، ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يەللىك قۇلۇنجى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ماددەتۇلھايات كەبىرى I

**تەركىبى:** بادام مېغىزى، چىلغۇزا، پىستە مېغىزلىرى، جۇزبۇۋا، قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، دارچىن، پوستى ھېلىلە زەرد، پوستى بەلىلە، ئامىلە قېقى، شەترەنجى ھىندى، زىراۋەندە، سۆئلەپ، شاقاقۇل، بابۇنە، بەھمەن سەفىت، قىزىل بەھمەن سۇرۇخ، لاچىندانە، قاقىلە، قەلەمپۇر، زەدەك ئۇرۇقى، گەرمۇدۇن ئۇرۇقى، بېدە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، كۈنجۈت، كۈدە ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 30 گرامدىن، زەپەر، بوزىغا، مەۋسەل سەفىت ھەربىرى 15 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. زەپەر ئايرىم

سالايه قىلىنىدۇ. قالغان بارلىق دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەممە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، قىزىق ھالىتىدە مېغىز دورىلار تالقىنى ئازراق سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، باھ، جۈملىدىن ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، بەدەننى قىزىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر يەنى بەدەن ئاجىزلىق، بەل، پۇت ـ قوللار ئاغرىش، بۆرەك ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، ئاق خۇن كېسەللىكى، نېرۋا ئاجىزلىق، پالەچ، ئىستىرخاھ، قاننىڭ سوۋۇشىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، مەزى بېزى ياللۇغى، دىئابېت كېسەللىكىنىڭ 3 ـ باسقۇچىدا، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش قاتارلىق كېسەللىكلەردە مىجەزنى تەڭشەش (سوغۇقچان) بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، روھىي ھالەتنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم 4 گرامدىن 8 گرامغىچە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ماددەتۇلھايات كەبىرى II

**تەركىبى:** پىلپىل، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، دارچىن، ئامىلە، بەلىلە پوستى، شەترەتجى ھىندى، زىراۋەندە، سۆئلەپ، شاقاقۇل، بابۇنە، نارجىل، جۆز، چىلغوزا ھەربىرى 90

گرامدىن، گۈل بابۇنە، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، بەسباسە، ئاقىرقەرھا، سەئىدى كۈفى، سۇمبۇل، خولىنجان، لىسانۇل ئەساپىر، پەنىرمايە، ئۇدسەلىپ ھەربىرى 60 گرامدىن، زەپەر، قۇندۇزقەھرى ھەربىرى 15 گرام، پەرپىيۇن، كۇدە ئۇرۇقى ھەربىرى 90 گرامدىن، جوبىسل ھەدىيد، سۆرۈنجان مىسرى، بادام مېغىزى، ئاسارۇن ھەربىرى 30 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدىكى زەپەر، قۇندۇزقەھرى ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. تۆمۈر پوقى قىزدۇرۇلۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئازراق سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۇشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ (تۆمۈر پوقىنىڭ قاينىتىلغان سۇيىدە قىيام قىلىپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ).

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭە، بۆرەك، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، قاننى قىزىتىش، بەدەن هارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: بەلغەم سەۋدادىن بولغان بەدەن زەئىپلىكى، بۆرەك زەئىپلىكى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي بالدۇر كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، پۇت ـ قول، بەدەن سوۋۇپ كېتىش، دىئابېت كېسەللىكىنى داۋالاشتا قەنت كونترول قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

جىنسىي ئەزاغا ئات يېغىدىن 40 گرامنى ئاق قىچا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياغلاپ بەرسە جىنسىي ئەزانى 2 ھەسسە يوغىنىتىدۇ ھەم قاتتىق چىڭىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## Ⅲ مەجۇنى ماددەتۇلهايات كەبىرى

**تەركىبى:** قارىمۇچ، پىلپىل، دارچىن، ئامىلە، بەلىلە، شەترەنجى، زىراۋەندە، سۆئلەپ، شاقاقۇل، نارجىل، چىلغوزا، بابۇنە ھەربىرى 150 گرام، بىخ مارجان 60 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 500 گرام، ئاقىرقەرها 60 گرام، زەپىران 15 گرام، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، لاچىندانە ھەربىرى 60 گرام، جۆز 60 گرام، بەسباسە 30 گرام، خولىنجان 60 گرام، زەنجىۋىل 30 گرام، پارپا 30 گرام، ھەسەل 8 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى ئۈزۈم گۇل ماشىنىسىدىن چىقىرىلىدۇ. زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ، كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دەسلىپىدە ئۈزۈمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن زەپەر تالقىنى ئەڭ ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، بۆرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ قاننى قىزىتىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان بۆرەك ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل - پۇت ئاغرىقلىرى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بالىلارنىڭ ئورنىغا سىيىپ يېتىشى، نېرۋا

ئاجىزلىقى، ئۈنتۈغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، دىئابېت كېسەللىكىدە قەنتنى كونترول قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە، قان بېسىم تۆۋەنلەپ كېتىش، كەم قۇۋۋەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن بېرىلىدۇ.

دىققەت: قان، سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى لوبۇبى كەبىر I

تەركىبى: شاقاقۇل، سۆئلەپ، نارجىل، جۆز، پىستە مېغىزى، پىندىق مېغىزى، بادام مېغىزى ھەربىرى 60 گرامدىن، كۈنجۈت، ھەببى زەلەم، ھەببى قەلقەل، ھەببەتۇلخوزرا، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا، قاقىلە، لاچىندانە، بەسباسە، بوزىدان، زىراۋەندە، قارىمۇچ، شەترەنجى ھىندى، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، پىلپىل، زەنجىۋىل، گۈلدارچىن، قوۋزاقدارچىن ھەربىرى 18 گرامدىن، پوستى تۇرۇنجى، ئۇدخام، تۇرۇنجى ئەقرەبى، سەئىدى كۇفى، سۇمبۇل، ئىزخىر، زەپەر، پارپا، نارمىشكى، تۇخۇمى ھېلىيۇن، پەنىرمايە، رىگى ماھى، مامى رۇبيان، قۇندۇزقەھرى ھەربىرى 9 گرامدىن، بابۇنە، خولىنجان، قەلەمپۇر، قۇستە شرىن، كاۋاۋچىنى، مەستىكى رۇمى ھەربىرى 6 گرامدىن، بۇقا چۆيىنى، قۇشقاچ مېڭىسى، بۇغا مۇڭگۈزى ھەربىرى 30 گرامدىن، مەۋسەل سەفىت، كەرەپشە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، خەشخاش ئۇرۇقى، كۇدە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، ھېلىلە زەرد پوستى، سۆرۈنجان مىسرى، ئانارگۈلى ھەربىرى 21 گرامدىن، ئەنبەر 3 گرام،

كەپتەر تۇخۇمى 20 دانە، توخۇ تۇخۇمى 30 دانە، ئالما شەربىتى 120 گرام. ھەسەل 1 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. زەپەر، قۇندۇزقەھرى، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. تۇخۇملار پىشۇرۇلۇپ سېرىقى ئايرىلىپ سىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇقا چۆيىسى ئىككىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەلگە ئالما شەربىتى قوشۇلۇپ قىيام قىلىنىپ، ئالدى بىلەن تۇخۇم ۋە مېغىز دورىلار، ئازراق سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بۆرەك ۋە باھنى كۈچەيتىش، سەمرىتىش، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش، ئۈزۈقلۇق تولۇقلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ياشانغانلاردىكى بۆرەك ئاجىزلىق، بالدۇر قېرىش، بۆرەك زەئىپلىكى، بۆرەك، بەدەن ئورۇقلاش، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي كەلمەسلىك، چوڭلاردىكى سۈيدۈك تۇتالماسلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، بەل ئاغرىش، پالەچ، لەقۋا، ئەر - ئاياللاردىكى جىنسىي ھەۋەس تۆۋەنلەش، قان ئازلىق، پۇت - قوللار سوۋۇپ كېتىش، بالىلارنىڭ سىيىپ يېتىشى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قان بېسىمى يۇقىرى كېسەللەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى لوبۇبى كەبىر II

**تەركىبى:** پىستە، پىندىق، ھەببەتۇلخۇزرا، چىلغوزا، زاراڭزا گۈلى، ھەببۇزەلەم، ماھىرۇبيان، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، شاقاقۇل، زەنجىۋىل ھەربىرى 75 گرامدىن، تۇخۇمى ھىليۇن، زورەمبات، دۇرۇنجى ئەقرەپ ھەربىرى 45 گرامدىن، سۆئلەپ مىسرى 150 گرام، سۆرۇنجان مىسرى، پىننە، بوزىدان ھەربىرى 60 گرامدىن، كۇنجۇت، دارچىن، سۇمبۇل، سەئىدى كۇفى، كاۋاۋىچىن، مەستىكى رۇمى، ھەببى قەلقەل، سەۋزە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، بېدە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، پەنىرمايە ھەربىرى 45 گرام، جويۇز، ئۆشنە ھىندى، پىلپىل ھەربىرى 30 گرامدىن، ئۇدخام 30 گرام، ئەنبەر 15 گرام، سەقەنقۇر 45 گرامدىن، ئالتۇن ۋەرەق 30 دانە، كۈمۈش ۋەرەق 70 دانە، بادام مېغىزى 75 گرام، خولىنجان 75 گرام، قەلەمپۇر، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، ياڭاق مېغىزى ھەربىرى 75 گرامدىن، لىسانۇل ئاساپىر 45 گرام، قۇشقاچ مېڭىسى 150 گرام، قۇندۇزقەھرى 15 گرام، زەپەر 45 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە، يەنى 10 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. ئەنبەر، قۇندۇزقەھرى، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلىپىدە

مېغىز دورىلارنىڭ تالقىنى، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ۋە ۋەرەقلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، قان كۆپەيتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، زېهنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە، يۈرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى، يۈرەك، بەدەن ئورۇقلاش، بەل ئاغرىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي ئازلاپ كېتىش، مەنىي تېز كېتىش، كەم قۇۋۋەت، كەم قانلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، هەر قېتىمدا 10 گرامدىن بېرىلىدۇ.

**دىققەت:** قىزىتمىلىق كېسەللەرگە، قان بېسىمى بار كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى لوبۇبى سەغىر

**تەركىبى:** چىگىت مېغىزى، چىلغوزا، كۈنجۈت، هەلىيۇن، پىلپىل ھەربىرى 9 گرامدىن، فەنەرمايەشۇكۇر، سەۋزە ئۇرۇقى، شاقاقۇل، قۇشقاچ مېڭىسى، بۇقا چۆيىسى 3 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە ياكى ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى بۇقا چۆيىسى ئىكەكدىلىپ، تالقانلىنىدۇ. باشقا دورىلارمۇ سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ

كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، بۆرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەدەن ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، بۆرەك ئاجىزلىق، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بۆرەك، بەدەن ئورۇقلاش، مەنىي ئازلاپ كېتىش، مەنىي يۇرۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى كۈچۈلا

**تەركىبى:** مۇدەببەر قىلىنغان كۈچۈلا 250 گرام، قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ، شاقاقۇل، مەستىكى، ئانارگۈلى، قەلەمپۇر، جۆز، بۇزۇغا، ئەنجىباھار، قاقىلە، لاچىندانە، مەۋسەل سەفىت، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، زەپەر، پارپا، چىلغوزا، قۇشقاچ مېڭىسى، گۈلدارچىن، پەنىرمايە، رىگى ماھى، ماھى رۇبيان ھەربىرى 18 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدار بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ، كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئازراق سوۋۇغاندا زەپەرنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قائىدە

بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** پەي، گۆشلەرنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەل، پۇت - قول ئاغرىش، مۇپاسىل، نىقرەس، كۆمۈرچەك ئۆسمىلىرى، غۇددە (بەدەن ئۆسمىلىرى)، پوقاق چىقىش، ئەرلەرنىڭ تاشقى بۆرەك ئىششىقى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بۆرەك ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، پەي - مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، سوغۇقتىن بولغان نېرۋا، بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، مەزى بېزى ياللۇغى، ئۇرۇق بەز ئۆسمىسى، قاننىڭ سوۋۇپ كېتىشى، هورمون بەزلىرىنىڭ خىزمىتى زەئىپلىشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، هەر قېتىمدا 2 گرامدىن بېرىلىدۇ.

**دىققەت:** بۇ زەهەرلىك دورا بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا پەينى يىغىپ، تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ، قىزىتمىسى بار كېسەللەرگە، قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەرگە، 15 ياشتىن كىچىك بالىلارغا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر تارتىشىپ قالسا، سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇش ھەم سۈت ئىچۈرۈش كېرەك.

## مەجۇنى ئازاراقى سادده

**تەركىبى:** مۇدەببەر قىلىنغان كۇچۇلا 90 گرام، گاۋزىبان، نارجىل، جۆز، ئۇستىقۇددۇس، چىلغوزا، كەتىرا، پارپا هەربىرى 9 گرامدىن، جۆز، بوزۇغا، شاقاقۇل، ئاق

سەندەل، ئامىلە، ھېلىلە سىياھ، ئۇد ھىندى ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل بىر ياكى ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ سوقۇلغان دورىلارنىڭ تالقىنىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** پەي، گۆشلەرنى چىڭىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل ئاغرىقلىرى، باھ، بەدەن، بۆرەك ئاجىزلىق، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، ئاق خۇن كېسەللىكى، ئومۇمەن ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2~4 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ دورىنىڭ پەيلەرگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈش تەسىرى ئاجىزراق، شۇڭا 2 گرامدىن 4 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ھالۋائى بەيزە

**تەركىبى:** ئاقىرقەرھا، پىلپىل، ئاسارۇن ھەربىرى 9 گرامدىن، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، تۇرۇنجى ئەقرەبى، قاقىلە، گۇلدارچىن، زەنجىۋىل، لاچىندانە، خولىنجان، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا ھەربىرى 15 گرامدىن، بادام مېغىزى 90 گرام، تۇخۇم سېرىقى 30 دانە، دۇمبە ياغ 250 گرام،

سېرىق ماي 150 گرام، تەرەنجىبىن 120 گرام، كۈنجۈت، گۈل يېغى 60 گرام، ھەسەل 1 كىلوگرام، ناۋات 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرەنجىبىننى قايناق سۇغا چىلاپ تەمى ئېلىنىدۇ. تۇخۇم سېرىقى ۋە ياغلاردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ ھەمدە تەرەنجىبىننىڭ سۈيىگە ناۋات، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ. ياغ ئېرىتىلىدۇ، قىيامغا دەسلىپىدە ئېرىتىلگەن ياغ ۋە تۇخۇم سېرىقى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق

**تەسىرى:** بۆرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، قاننى قىزىتىش، قان كۆپەيتىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان ئازلىق، بەدەن زەئىپلىكى، بۆرەك زەئىپلىكى، جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك، بەدەن ئورۇقلاش، ئەر ـ ئاياللاردىكى جىنسىي ھەۋەسنىڭ سۇسلۇقى، بەل ئاغرىش، مەنىي كەلمەسلىك، پالەچ، لەقۋا، كەم قۇۋۋەت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قان، سەپرادىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرىدە، سېمىز كىشىلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

## مەجۇنى مۇپەررىھى مەسىھا

**تەركىبى:** دارچىن، زەنجىۋىل، ئاسارۇن، سۆئلەپ، مەستىكى، زورەمبات، شەترەنجى ھىندى، قاقىلە، خولىنجان،

زەپەر، زىراۋەندە، نارجىل، جويۇز، سۇمبۇل، چىلغوزا مېغىزى، پىستە مېغىزى، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندى، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، قۇندۇزقەھرى، ئاقىرقەرھا، تۇدرى سەفىت، تۇدرى سۇروخ، شاقاقۇل، گاۋزىبان، ئاقمۇچ، كۇدە ئۇرۇقى، بىخ مارجان، خەشخاش ئۇرۇقى، كۇنجۇر ھەربىرى 6 گرامدىن، رەۋغىنى بەلەك 24 گرام، كۇچۇلا مۇدەپپەر 30 گرام، ئەپيۇن 30 گرام، كۇمۇش ۋەرەق، ئالتۇن ۋەرەق ھەربىرى 20 دانىدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر، قۇندۇز قەھرى، ئەپيۇن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەق ۋە ياغلاردىن باشقا دورىلار سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن سەل سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا سوقۇلغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ياغلار، ۋەرەقىلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش، روھنى ئويغىتىش، نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش، مەنىي تۇتۇش، باھنى قوزغاش، مەست قىلىش، ئاشقازاننى تازىلاش، چاچنى قارايتىش تەسىرىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىشى:** جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك زەئىپلىكى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، بەدەن ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، ئاق خۇن كېسەللىكلىرى، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ياش تۇرۇپ چاچ ئاقىرىپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** زۆرۈر تېپىلغاندا بىر كۈندە بىر قېتىم 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنى كالا

سۇتى ياكى نوقۇت ئۇمىچى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** 18 ياشتىن كىچىك بالىلارغا، قان، سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى كەلكىلانج هار

**تەركىبى:** رەۋەن، غاپەس، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل ھەربىرى 6 گرامدىن، گۇل سەۋسەن 9 گرام، زەدەك ئۇرۇقى، غارىقۇن، پوستى ھېلىلە زەرد، سەكبىنەچ ھەربىرى 15 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم بوشىتىپ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىگەر خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئۆپكە مەنبەلىك يۆرەك كېسەللىكى، جىگەر مەنبەلىك قورساققا سۇ چۈشۈش، ئۈچەي مەنبەلىك قورساققا سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈنىدە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5~10 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى كەلكىلانچ بارد

**تەركىبى:** قىزىلگۈل، رۇبىبىسۇس، كاسىنە ئۇرۇقى، ھەربىرى 6 گرامدىن، ئەپسەنتىن، مازارىيۇن (چىلانغان)، پوستى ھېلىلەزەرد، تەرەنجىبىن، پۇنۇس ھەربىرى 15 گرامدىن، قەنت 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇبىبىسۇستىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە قەنت بىلەن قىيام قىلىنىپ دەسلىپىدە روبىبىسۇس، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ھارارەت، قىزىتما چۈشۈرۈش، ماددىلارنى يۇمشىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرا خىلىتىدىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، جىگەر ئىششىقى، جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىكلەر، قورساققا سۇ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى سادده

**تەركىبى:** ئامىلە قېقى، قىزىلگۈل، جويۇز ھەربىرى 18 گرام، سەئىدى كۇفى 5 گرام، سۇمبۇل، ئاسارۇن، مەستىكى، دارچىن، قاقىلە، زەرنەپ، تاباشىر، سەدەپ ھەربىرى 9

گرامدىن، سازەچ ھىندى 6 گرام، شېكەر 1 كىلوگرام، ھەسەل 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى ئامىلە قېقى ئۈچ سوتكا سۇتكە چىلىنىپ قايىنتىپ يۇمشىغاندا يۇيۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. سەدەپ قىرىدۇرۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە شېكەر بىلەن ھەسەلدە قىيام قىلىنىپ، دەسلىپىدە ئامىلىنىڭ تالقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەدەپنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ھەزىم ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، قان كۆپەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەزىم ئەزالىرى خىزمىتىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، جىگەر زەئىپلىكى، ھېق تۇتۇش، كۆڭلى ئاينىش، باش قېيىش، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قان ئازلىق، پۇت - قوللار بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى كەبىرى

**تەركىبى:** سەئىدى كۇفى، سېھرى چىنى، پەرەنجىمىشكى، نارمىشكى، قاقىلە، لاچىندانە، تۇرۇنجى ئەقرەبى، سەلىخە، سۆئلەپ، شاقاقۇل، نارجىل، جويۇز، مەستىكى، ئانارگۈلى

ھەربىرى 9 گرامدىن، قارىمۇچ، پىلپىل، كەھرىۋا، زەنجىۋىل، ئىپار، پارپا ھەسىلى، مارجان، سەدەپ، ئەقىق، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، گاۋزىبان، تۇخۇمى كاسىنە، ئۇستىقۇددۇس، زىراۋەندە، تاباشىر ھەربىرى 3 گرامدىن، قىزىلگۈل 18 گرام، ئىزخىر 6 گرام، سۇمبۇل، ئاسارۇن، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندى، قىرقىلغان پىلە، مەرۋايىت، ياقۇت، زىخ، ئەنبەر ھەربىرى 6 گرامدىن، ئامىلە قىقى 280 گرام، ھەسەل 1500 گرام، شېكەر 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. ئىپار، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئامىلە قىقى سۈت بىلەن قاينىتىلىپ يۇمشىغاندا ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شېكەر بىلەن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ، قىيامغا دەسلەپتە ئامىلە تالقىنى، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قاننى جانلاندۇرۇش، روھنى ئويغىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** رەئىس ئەزالار خىزمىتىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى، ئاشقازان، ئۈچەي خىزمىتىنىڭ زەئىپلىكى، ئىشتىھاسىزلىق، پۇت - قوللار بوشىشىپ كېتىش، قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كۆڭلى ئاينىش، قۇرۇق ئىسسىق، بەدەن ئاجىزلىق، بالىلارنىڭ ھەزىم يوللىرىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق

كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىمدىن 3 قېتىمغىچە 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**دىققەت:** قىزىتمىسى بار كېسەللەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى ئامىلە نۇشدارى لوئىلىۋى I .

**تەركىبى:** تاباشىر، قىرقىلغان پىلە، مەستىكى رۇمى، زەپەر، ئەنبەر، مەرۋايىت، سۇمبۇل، كەھرىۋا، مارجان، قىزىلگۈل ھەربىرى 6 گرامدىن، ياقۇت، ئاسارۇن، سەئىدى ھىندى، ئۇد ھىندى، ئىزخىر، ئاق سەندەل، پوستى تۇرۇنجى، لەئىلىۋى، پەرەنجىمىشكى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، سازەچ ھىندى، تۇرۇنجى ئەقرەبى، زىخ پوستى، قاقىلە، لاچىندانە ھەربىرى 6 گرامدىن، ئامىلە قېقى 280 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 10 دانىدىن، ھەسەل 1 كىلوگرام، شېكەر 500 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار (جاۋاھىرات دورىلار) ئوت بىلەن قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. زەپەر، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئامىلە سۇتكە چىلىنىپ يۇمشىغاندا سۇ بىلەن يۇيۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋەرەقلەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن تاسقاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە شېكەر بىلەن ھەسەل بىرلەشتۈرۈلۈپ قىيام تەييارلىنىدۇ، قىيام دەسلىپىدە ئامىلە تالقىنى، سەل سوۋۇغاندا كۆشتە قىلىنغان ۋە سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى، ۋەرەقلەر تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش، روھنى ئويغىتىش، ھەزىمىنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىكى، سوغۇق سەپرادىن باش قېيىش، كۆڭلى ئاينىش، يۈرەك زەئىپلىكى، جىگەر ئاجىزلىق، ھەزىم خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، قان ئازلىق، ئىستىسقا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىمدىن 3 قېتىمغىچە 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى نۇشدارى لوئىلۇئى Ⅱ

**تەركىبى:** لاچىندانە، زەرنەپ، دارچىن، زورەمبات، سۇمبۇل، جويۇز، بەسباسە، قەلەمپۇر، تۇرۇنجى ئەقرەبى، گېلى ئەرمىنى، گېلى مەختۇم، مەستىكى رۇمى، زەپەر، زىچى پوستى ھەربىرى 3 گرامدىن، ئىپار 2 گرام، تاباشىر، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، مەرۋايىت ھەربىرى 3 گرامدىن، ئامىلە 200 گرام، قىزىلگۈل گۈلابى 360 مىللىلىتىر، بېھى سۈيى 360 مىللىلىتىر، ئالما سۈيى 360 مىللىلىتىر، ئامۇت سۈيى 360 مىللىلىتىر، بېدىمىشكى گۈلابى 360 مىللىلىتىر، ئاق ناۋات 360 گرام، ھەسەل 360 گرام، قەنت 360 گرام.

**تەييارلىنىشى:** تەركىبىدىكى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەن دورىلار قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. زەپەر، ئىپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئەرەقلەر ۋە مېۋە سۇلىرىدىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامىلە قېقى سۇتكە چىلىنىپ بىر ئاز يۇمشىغاندا سۇ بىلەن يۇيۇپ ئەلگەكتىن

سوزۇپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە قەنت، ناۋات، ھەسەللەرگە، ئەرەقلەر ۋە مېۋە سۇلىرى قۇيۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ، قىيامغا دەسلىپىدە ئامىلە تالقىنى، سەل سوۋۇغاندا كۆشتە قىلىنغان ۋە سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ھەزىم ئەزالىرىنى كۈچلەندۈرۈش، ئىشتىھانى ئېچىش، هارارەت پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرا خىلتىدىن بولغان نېرۋا، يۈرەك، جىگەر زەئىپلىكى، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى زۇپا

**تەركىبى:** بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە، بىخ سۇس، بەدىيان، رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، مەستىكى، كۈندۈر، زۇرەمبات، زەنجىۋىل ھەربىرى 9 گرامدىن، زۇپا، پىرسىياۋشان ھەربىرى 21 گرامدىن، رۇبىسۇس، تۇخۇمى خەشخاش، پوستى خەشخاش ھەربىرى 15 گرامدىن، ئەپيۇن 30 گرام، ئەنسىل، تۇربۇت، غارىقۇن ھەربىرى 9 گرامدىن، پىلپىل، دارچىن ھەربىرى 6 گرامدىن، سۇمبۇل ھىندى، پىستە مېغىزى، مېغىزى چىلغوزا، ئىزخىر، زەپەر ھەربىرى 9 گرامدىن، كېيىك مۇشكۈزى، بۆرە جىگىرى

ھەربىرى 9 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدىكى زەپەر، ئەفيۇن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سەل سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قوزغىلىشچان بەلغەم، سەۋدادىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى يەنى يۆتەل، زۇكام، نەزلە، دەم سىقىلىش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە سولۇق ئىششىقى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3~5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى زۇپا كەبىرى

**تەركىبى:** غاپەس، مۇرمەككى، زەپەر، زىرە، قۇندۇز قەھرى، بەزرۇلبەنجى، قۇستە تەلىخ، قەردمانە، خەشخاش ئۇرۇقى، پوستى خەشخاش، كېپەك مۇڭگۇزى ھەربىرى 9 گرامدىن، جاۋۇشىر، سۇمبۇل، دارچىن، رۇبىسۇس، ھېلىلە زەرد پوستى، بەلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، ئاملە، ھېلىلە سىياھ ھەربىرى 12 گرامدىن، ئەفيۇن 45 گرام، بىخ

سۇس، مېغىزى چىلغوزا، پىستە مېغىزى، زۇپا ھىندى، پىرسىياۋشان، مېغىزى، بادام، ھەببى بىلىسان، ئۇد بىلىسان، سەمغى ئەرەبى، مەستىكى رۇمى، ئىزخىر، تۇخۇمى كەرەپشە، رۇم بەدىيان، پارپا، ئەمەن ئۇرۇقى، جۆز، پىلپىل، كەتىرا، شاقاقۇل، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، لىسانىل ئاساپىر، زەنجىۋىل، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، ھەببى قەلقەل، كۇندۇر، ئاق لەيلىگۇلى ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدىكى زەپەر، قۇندۇزقەھرى، ئەپيۇن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سەل سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مەجۇنى زۇپا بىلەن ئوخشاش.

**ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، زۇكام، نەزلە، دەم سىقىلىش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئاستا خاراكتېرلىك نەپەس يولى ياللۇغى، ئۆپكە سىلى، ئۆپكە كانايچە كېڭىيىش، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۇندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3~5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خەشخاش

**تەركىبى:** بادام مېغىزى 500 گرام، ئاق سەندەل، كۆكنار گۇلى، ئانارگۇلى، خەشخاش پوستى ھەربىرى 200 گرامدىن،

زەپەر 5 گرام، ھەسەل 2 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سەل سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** تىنچلاندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، يۆتەل مەركەزلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھۆل ئىسسىقتىن بولغان يۆتەللەرگە، ئۆپكە سىلىدىن بولغان قان تۈكۈرۈش، سوزۇلما، ئاستا خاراكتېرلىك ئۆپكە، نەپەس يولى ياللۇغى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** بۇ دورىنى كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا خومار قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ـ ئازدىن ئىچىش كېرەك.

## مەجۇنى ئېگىر

**تەركىبى:** ئېگىر، زەنجىۋىل، بەدىيان، ھېلىڭ ھەربىرى 60 گرامدىن، ھەسەل 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۇرۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇق يەلدىن بولغان مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئۇنتۇغاقلىق، تۇتقاقلىق كېسەللىكى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، ئاشقازان، ئۈچەي يولى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى ئىترىفىل كەشنىز كەبىر

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە زەرد، پوستى ھېلىلە كابىلە، ھېلىلە سىياھ، بەلىلە پوستى، ئامىلە ھەربىرى 9 گرامدىن، قىرقىلغان پىلە غوزىكى 7 گرام، شەترەنجى ھىندى 4 گرام، لاجۇۋەرد مەغسۇل 4 گرام، گاۋزىبان، ئۇستقۇدۇس، بادرەنجى بۇيا، بىستىپايەج ھەربىرى 3 گرامدىن، سانا 36 گرام، يۇمغاقسۇت 36 گرام، مەستىكى رۇمى 6 گرام، بادام يېغى 15 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغدىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى

ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، مېڭە قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ، توسالغۇلارنى ئېچىش، گازنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە قان تومۇر قېتىش كېسەللىكى، باش ئاغرىقى، كۆز، قۇلاق، چىش ئاغرىقلىرى، مالىخولىيا، نېرۋا ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقىدىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، قان، سەپراۋى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3~5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى بىنەپشە

**تەركىبى:** تۇربۇت 60 گرام، مەھمۇدى (سوقمۇنىيا) 9 گرام، گۈل بىنەپشە 45 گرام، قىزىلگۈل 15 گرام، بەدىيان 7 گرام، كەتىرا 7 گرام، زەپەر 3 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىرلىكتە تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن تاسقاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

تەسىرى: قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، هارارەت، قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سەپرادىن بولغان مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقلىرى، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسەللىكلىرى، نەزلىنى توختىتىش، ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئىدە

تەركىبى: پىلپىل، قارىمۇچ، زەمچە، دارچىن، توم زەنجىۋىل ھەربىرى 12 گرامدىن، قەلەمپۇر 18 گرام، جۇۋىنە 24 گرام، زەپەر 3 گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ھەزىمگە يارىەم بېرىش، ئاشقازان ھۆللۈكىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ھەزىم ناچارلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئېسىلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ھەزىم ناچارلىشىشتىن بولغان ئىسھاللارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خىيارشەنبەر

**تەركىبى:** ئاقلانغان تۇربۇت 250 گرام، بىنەپشە 120 گرام، نەمەكى ھىندى 42 گرام، رۇببىسۇس 42 گرام، بەدىيان، رۇم بەدىيان، مەستىكى ھەربىرى 30 گرامدىن، ئېگىر 18 گرام، سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن)، مەھمۇدى ھەربىرى 30 گرامدىن، سېرىق ياغ 60 گرام، خىيارشەنبەر 600 گرام، قەنت ياكى ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدىكى خىيارشەنبەر ۋە ياغدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. خىيارشەنبەرنىڭ شىرنىسى ئېلىنىپ، قەنت ياكى ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ، دورىلار تالقىنى ۋە سېرىق ياغ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغان ئاشقازان، ئۈچەينىڭ يارا ھەم ياللۇغلىرىنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان مەيدە ئاغرىش، ھۆتۈتۈش، ئۈت ياللۇغى، ئۈچەي توسۇلۇش خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىقى، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، قەۋزىيەتلىك، سەپراۋى ۋە يەللىك قۇلۇنجى، ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىمدىن 2 قېتىم، 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** ھامىلىدار ئاياللارغا، كىچىك بالىلارغا، ئىچى سۈرۈپ كەتكەنلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## مەجۇنى بەسباسە

**تەركىبى:** سەلىخە، پىلپىل ھەربىرى 30 گرامدىن، قەلەمپۇر، قاقىلە 90 گرامدىن، زەنجىۋىل 9 گرام، بەسباسە، ئاقمۇچ، سۆئىلەپ، تۇرۇنجى ئەقرەبى، زەپەر، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، مەستىكى رۇمى، شاقاقۇل، ئىزخىر ھەربىرى 9 گرامدىن، ئەرمۇدۇن ئۈرۈقى مېغىزى 30 گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، سەل سوۋۇغاندا تەركىبىدىكى زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەزىم ئەزالىرىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى يەنى. مەيدە ئاغرىش، قورساق ئېسىلىش، كۆڭلى ئايىنىش، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان زەئىپلىشىش، بۆرەك زەئىپلىكى، بەل ئاغرىش، پەي ـ مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى نانىخۋا كەبىرى

**تەركىبى:** سۆئلەپ، شاقاقۇل، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، بەسباسە، خولىنجان، چىلغوزا، پىستە مېغىزى، نارجىل، جويۇز، مەستىكى رۇمى، جۇۋىنە، زەپەر، پارپا، بوزىدان، دارچىن، ئاسارۇن، بوزۇغا، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، قاقىلە، لاچىندانە، پىلپىل، ئاقىرقەردھا، قارىمۇچ، قەردمانە، رۇم بەدىيان، بەدىيان، سېرىقچېچەك، زىرە كېرمانى، زەنجىۋىل ھەربىرى 9 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقىتىش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ زەئىپلىكى، مەيدە ئاغرىقى، ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقلىرى، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئاغرىقى، پۇت - قول ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، بۆرەك زەئىپلىكى، جىنسىي ئاجىزلىق

قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گىرامدىن 5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئىترىفىل كەبىرى

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە زەرد، ئامىلە، ھېلىلە سىياھ، بەلىلە، ھېلىلە كابىلە پوستى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەربىرى 30 گىرامدىن، بادام يېغى ياكى سېرىق ياغ 60 گىرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇمغاقسۈت قۇرۇق قورۇۋېتىلىپ، باشقا دورىلارغا قوشۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى، ھەزىم بۇزۇلۇش، نەزلە، يەلدىن بولغان بۆرەك ئاغرىقلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، يەللىك بوۋاسىر قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، ھەر قېتىمدا 5 گىرامدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئىترىفىل سەغىر

تەركىبى: پوستى ھېلىلە زەرد، پوستى بەلىلە، ئامىلە ھەربىرى 30 گرامدىن، سانا 15 گرام، بادام يېغى ياكى سېرىق ياغ 30 گرام، ھەسەل ياكى ناۋات بىر ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، زېھىنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، مېڭىنى مۇھاپىزەت قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ھەزىم ناچارلىشىش، نېرۋا ئاجىزلىقى، يەللىك بوۋاسىر، سەپرادىن بولغان يەللىك قولۇنجى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 8 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى جاۋارىش ئەنبەر

تەركىبى: قاقىلە، لاچىندانە، بەسباسە، دارچىن ھەربىرى 6 گرامدىن، زەنجىۋىل، پىلپىل، قارىمۇچ ھەربىرى 3 گرامدىن، تاباشىر، مەستىكى رۇمى، ئەنبەر، قەلەمپۇر، زەپەر، گۈلدارچىن ھەربىرى 4 گرامدىن، ئىپار 14 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى ئەنبەر، زەپەر، ئىپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ئاشقازاندىكى ۋە جۇملىدىن بەدەندىكى قويۇق يەللەرنى تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان، ئۈچەي، نېرۋا، يۈرەك خىزمىتىنىڭ زەئىپلىشىشى، نېرۋا ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرى، قورساق ئېسىلىش، يەل قۇلۇنجى، يۈرەك مەنبەلىك ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 گرامدىن 7 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى بەسىر

**تەركىبى:** بىخ مارجان، خۇنسىياۋشان ھەربىرى 30 گرامدىن، كەھرىۋا، گېلى ئەرمىنى، زەمچە، شادىنەچ، گېلى مەختۇم ھەربىرى 15 گرامدىن، ئانارگۈلى، گۈلقەنت ئاپتابى 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى مارجان، زەمچە، شادىنەچ، ئۇرچۇق قىزدۇرۇلۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاخىرىدا ئانار گۈلقەنتىگە بارلىق دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** بەدەندىكى هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان تومۇرلارنى تارايتىش، قاننى قويۇقلىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىياتقۇ قاناش، ئاق خۇن كېسەللىكلىرى، ئۆپكە سىلى، قانلىق تەرەت كېلىش، قانلىق بۇۋاسىر، بۇرۇن قاناش، قان سىيىش، مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى چۆبچىن I

**تەركىبى:** قىزىل چۆبچىن ھەسلى 90 گرام، دارچىن، قاقىلە، مەستىكى، سۆرۈنجان، لىسانىل ئاساپىر، سانا مەككى ھەربىرى 15 گرامدىن، پارپا، پىلپىل، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 6 گرامدىن، قەلەمپۇر، جويۇز، بەسباسە، قىزىلگۈل، زورەمبات، خولىنجان، سەئىدى كۇفى ھەربىرى 3 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ،

ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قانىنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى، سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ياللۇغى، پۇت - قول ئاغرىش، بوغۇم ياللۇغى، نىقرەس، كۆمۈرچەك ئۆسمىسى، يەلدىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ بوينى يارىسى، بەل ئاغرىقى، پۇتۇن ئەزالاردىكى بوۋاسىر، كۆز بوۋاسىرى، بۇرۇن بوۋاسىرى، چىش مىلىكى ياللۇغى، جىنسىي يول ياللۇغلىرى، ھەر تۈرلۈك سىرتقى ۋە ئىچكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى چۆبچىن II

**تەركىبى:** قىزىل چۆبچىن، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، ھېلىلە پوستى، ھېلىلە سىياھ، ئامىلە مۇقەششەر ھەربىرى 30 گرامدىن، قىزىلگۈل 15 گرام، بادام يېغى 15 گرام، ھەسەل 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇپ تالقانلىنىپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ

قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: سەپرا ۋە قاننىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئىچكى، تاشقى جاراھەتلىك كېسەللىكلەر، بوۋاسىر، يەلتاشما، بەھەق، بەرەس، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، مۇپاسىل، ھەرخىل بالىياتقۇ جاراھەتلىرى ۋە ئىششىقلىرىغا بېرىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى چۆبچىن Ⅲ

تەركىبى: دورىلىق قىزىل سىر 15 گرام، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ھېلىلە سىياھ، ئامىلە، قىزىل چۆبچىن ھەربىرى 30 گرامدىن، قىزىلگۈل 15 گرام، بادام يېغى 15 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگە قەدەر.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى سىر قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بارلىق دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: سوغۇق.
تەسىرى: قان تازىلاش، يالluغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، نورمالسىز قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: سەپرا قاندىن بولغان قان بۇزۇلۇش

خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، ئومۇمىي بەدەننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، گال ئاغرىقى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، مۇپاسىل، سىفلىس، سۆڭەك سىل كېسەللىكلىرى، ئۆسمە، ئاقما، تۈرلۈك ئىچكى، تاشقى جاراھەتلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى شاھتەررە I

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە زەرد 120 گرام، شاھتەررە 120 گرام، ھېلىلە كابىلە پوستى 60 گرام، بەلىلە پوستى 30 گرام، ئاملە مۇقەششەر 30 گرام، قارا ھېلىلە 30 گرام، سانا مەككى 60 گرام، چىلاپا 15 گرام، قۇرۇق يۇلغۇن چېچىكى 7 گرام، رەۋەنچىنى 7 گرام، بادام يېغى 15 گرام، كۆك كىشمىش ئۈزۈم دورا ۋەزنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە كۆك كىشمىش ئۈزۈم بىلەن دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، جاراسىملارنى ئۆلتۈرۈش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرا خىلىتىدىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى يەنى قىزىل يەل، يەلتاشما، تەمرەتكە، ياش باللاردىكى دانخورەك، يىرىڭلىق چاقىلار، قىچىشقاق، تېرىلەرنىڭ سېزىمچانلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، بەھەق، بەرەس قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى شاھتەررە II

**تەركىبى:** سانا، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى ھەربىرى 7 گرامدىن، شاھتەررە 3 گرام، ئاقمۇچ 6 گرام، ئەمەن ھىندى 7 گرام، پۇنۇس 5 گرام، سەرپىستان 7 گرام، بادرەنجى بۇيا 4 گرام، ئەفتىمۇن 4 گرام، ئوغرىتىكەن 15 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، تېرىلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، مېڭىنى تەقىيە قىلىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى، يەنى قىچىشقاق، تەمرەتكە، دانىخورەك، ھەرخىل يېرىڭلىق مودۇر - چوقۇرلار، يەلتاشما، بەھەق، بەرەس كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خەيسىڭ

**تەركىبى:** خەيسىڭ، خەيدەر، ئاقمۇچ، زاك ھەربىرى 15 گرامدىن، بوزىدان 9 گرام، غارىقۇن، مەستىكى رۇمى،

نۆشۈدۈر 9 گرامدىن، شۈمشا ئۈرۈقى، چىلان پورى، ئاقىرقەرھا، تاشاك، سەكبىنەچ، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. زاك پىشۇرۇپ كۆشتە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان ۋە كۆشتە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ، ئاشقازان، بۆرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ئاغرىقلىرى، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، ھەرخىل ئۆسمىلەر، گال ئاغرىقلىرى، پوقاق، بەل ئاغرىقى، بۆرەك چۇقۇقى (گىرژا)، بۆرەك ئىششىقلىرى، بەز ئۆسمىلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 8 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى شىڭگىرىپ

**تەركىبى:** قىزىل سۇرمەئۈنى 250 گرام، زەنجىۋىل 15 گرام، ئاقىرقەرھا، كاۋاۋچىن، جۇزبۇۋا، دارچىن ھەربىرى 15

گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى سىرنى پىشۇرۇپ يۇمشاق سوقۇلىدۇ. قالغان دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قاننىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قاننىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئۇفۇنەتلىنىشى، جاراھەت، ھەرخىل يەل كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، ئاقما، سۆڭەك سىللىرى، سۆڭەك ئىچكى پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 7 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئەقرەب

**تەركىبى:** جىنتىيانا 4 گرام، زەنجىۋىل 4 گرام، ئاقمۇچ 7 گرام، پىلپىل 7 گرام، كاكىنەچ 15 گرام، ئەقرەب (چايان) 15 گرام، قۇندۇزقەھرى 9 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدىكى قۇندۇز قەھرى ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. چايان بۇغداي خېمىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ تونۇردا سارغايغانغا قەدەر پىشۇرۇلۇپ، پاكىزلەپ مۇدەپپەر قىلىنىپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈۋېتىلىدۇ ھەمدە ھەسەل

قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا قوندۇزقەھرى تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئىسھالنى توختىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى يەنى دوۋسۇن ئاغرىقلىرى ھەم ئىششىقلار، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، مەزى بېزى ياللۇغى، سۈيدۈكتىن مەنىي كېلىش ھەم سۈيدۈك يولىدىن قان كېلىش، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش، سۈيدۈك يولى ياللۇغى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ھەجرەليەھۇد

تەركىبى: ھەجرۇليەھۇد 150 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 15 گرام، بادام مېغىزى 15 گرام، كاكىنەچ 15 گرام، ھەسەل بىر ھەسسىدىن 2 ھەسسىگىچە.

تەييارلىنىشى: تەركىبىدىكى دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەجرۇليەھۇد خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ پىشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سىركە بىلەن چىلاپ قۇرۇتۇپ سوقۇلىدۇ. باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

**تەسىرى:** بۆرەك، سۈيدۈك يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، چۈشۈرۈش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا تاش پارچىلاش، تاش چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئىترىفىل غۇددي

**تەركىبى:** ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە سىياھ، ھېلىلە كابىلە پوستى، ئاملە قېقى، بەلىلە پوستى، شەترەنجى ھىندى، تۇربۇت، سانا، بىستىپايەچ، سېرىق ئوت، غارىقۇن، مەھمۇدى، بەدىيان رۇمى، كەرەپشە ئۇرۇقى، بادام مېغىزى ھەربىرى 9 گرامدىن، قارا قوي گۆرەن بەز 20 دانە، ھەسەل بىر ھەسسە.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى گۆرەن بەز پاكىزلىنىپ چانىلىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىززدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن قىزىق ھالىتىدە بەز پىشۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.
**تەسىرى:** قويۇق خىلتلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئۆسمىنى يوقىتىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك كېسەللىكلىرى ھەم ئومۇمىي بەدەنگە چۈشكەن ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمىلەر، سەۋدا، بەلغەمدىن

بولغان قويۇق يەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 گرامدىن 12 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئىترىفىل زامانى

**تەركىبى:** پىلپىل، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە سىياھ، بەلىلە پوستى، ئامىلە، گۈلبىنەپشە، بىخ بىنەپشە ھەربىرى 30 گرامدىن، مەھمۇدى، تۇربۇت، يۇمغاقسۇت ھەربىرى 6 گرامدىن، قىزىلگۈل، نىلۇپەر ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاق سەندەل 9 گرام، كەتىرا 9 گرام، بادام يېغى 90 گرام، چىلان 60 گرام، سەرپىستان 45 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇققا مايىل مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، نورمالسىز سەپرا، قان خىلتىنى تەنقىيە قىلىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان تېرە كېسەللىكلىرى يەنى بەرەس، بەھەق، بۆرە چاقىسى، بەل ئاغرىقلىرى، بالىياتقۇ ئىششىقى، مەيدە ئاغرىقى، سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، مالىخولىيا، بوۋاسىر، سوغۇق يەل قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى بەرەس

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە، بەلىلە، ئاملە، ئەفتىمۇن، زەدەك ئۇرۇقى، گۇلدارچىن، پىلپىل، ھەربىرى 5 گرامدىن جۇزبۇۋا، ئاقىرقەرھا، شەترەنجى ھىندى ھەربىرى 9 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۇرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قاننى قىزىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان تېرىگە قان يېتىشمەسلىك، ئاق كېسەل، بەھەق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى بەرەس كەبىرى

**تەركىبى:** ھېلىلە، كابىلە پوستى ھەربىرى 180 گرامدىن، بەلىلە پوستى 90 گرام، ئاملە، ئەفتىمۇن، بەرەنگى كابىلە 90 گرامدىن، تۇربۇت 135 گرام، ئۇستقۇددۇس، غارىقۇن ھەربىرى 60 گرامدىن، كۈندۇر، سەئىدى كۇفى، قۇستە تەلىخ، زەنجىۋىل، زۇپا ھىندى، شەترەنجى، سازەچ

ھىندى، مەستىكى رۇمى، بەديان رۇمى، قەلەمپۇر، پىننە، قارىمۇچ، نارمىشكى ھەربىرى 45 گرامدىن، هوماما 90 گرام، پىلپىل 45 گرام، ھەسەل 4500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان تومۇر، تېرىلەردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرىنى قىزارتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان ـ تومۇر كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل، پۇت ـ قول ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بۇ مۇجەررەپ نۇسخا بولۇپ، كۈندە بىر قېتىم، 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى رەشىد

**تەركىبى:** كاۋاۋچىن، سۇ پارى (پوپەل)، جۆز، قەلەمپۇر، جۇۋىنە، زەنجىۋىل ھەربىرى 24 گرامدىن، سۆئلەپ، مەستىكى، شاقاقۇل، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 15 گرامدىن، سۇمبۇل 21 گرام، كۇندۇر 31 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇپ تالقانلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىپ، ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆپ ئىھتىلام بولۇش، مەنىي تېمىپ كېلىش، سىزلام ـ بەل ئاغرىقلىرى، مەنىي بالدۇر كېتىش، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، كەچتە 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ھېلىلە

**تەركىبى:** بەلىلە پوستى، كۈندۈر، تاباشىر، كابىلە پوستى، ئامىلە ھەربىرى 15 گرامدىن، ھېلىلە سىياھ 30 گرام، پىلپىل، زەنجىۋىل، قىزىلگۈل، ئېگىر ھەربىرى 15 گرامدىن، كاسىنە 9 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** بەدەندىكى تۇك، بەزلەرنىڭ خىزمىتىنى كۈچلەندۈرۈش، بالدۇر قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** چاچ ـ ساقاللار مۇددەتتىن بۇرۇن ئاقىرىش، چۈشۈپ كېتىش، بوۋاسىر، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5

گرامدىن 10 گرامغا قەدەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى شەيبى

**تەركىبى:** ئامىلە، پوستى ھېلىلە زەرد ھەربىرى 30 گرامدىن، پوستى بەلىلە، ھېلىلە سىياھ، سىيادان ھەربىرى 30 گرامدىن، كۇندۇر، تاباشىر ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاق سەندەل، كاسىنە ھەربىرى 9 گرامدىن، پىلپىل، زەنجىۋىل، قىزىلگۈل ھەربىرى 7 گرامدىن، ھەسەل 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، باش، ساقال، بۇرۇت ئاقىرىش، چۈشۈپ كېتىش، بوۋاسىر، باش قېيىش، مېگە قان تومۇر توسۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى تەرياقى نەزلە

**تەركىبى:** پوستى خەشخاش، تۇخۇمى خەشخاش ھەربىرى 250 گرامدىن، بەزرۇلبەنجى 360 گرام، قىراسۇنا (ئوسۇك ئۇرۇقى) 16 گرام، گاۋزىبان 60 گرام، ھەببۇلئاس 60 گرام،

يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 90 گرام، قىزىلگۈل 30 گرام، ئۇستقۇددۇس، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، نىشاستە، رۇبىسۇس، مەدەستان، تاباشىر ھەربىرى 6 گرامدىن، شېكەر 2 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە شېكەردە قىيام قىلىنىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، نەزلە ماددىلىرىنى تەڭشەش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، زۇكام، باش ئاغرىقى، زۇكام بىلەن بىرگە كەلگەن يۆتەل، قىزىش، دەم سىقىلىش، ئىسسىقتىن بولغان نەزلە قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 7 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئىمساك

**تەركىبى:** پارپا، مۇرمەككى، دارچىن، زەپەر، بەسباسە، جۆزبوۋا، بادام مېغىزى، سۆئلەپ ھەربىرى 3 گرامدىن، رېگىماھى (قۇم بېلىقى)، زەنجىۋىل، سەمغى ئەرەبى، شاقاقۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، قەلەمپۇر، قارىمۇچ، پەنىرمايە (ئەرەب تۆگىسى توپلىقى) ھەربىرى 9 گرامدىن، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، ئەقرەب (چايان)، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 3 گرام، ئەنبەر، ئىپار ھەربىرى 1.5 گرامدىن، كۆشتە قىلىنغان ئازاراقى، پولات كۆشتىسى ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل 360

گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر، ئەنبەر، ئىپار ئايرىم كۇشتە قىلىنىدۇ. ئەقرەب خېمىر ئارىسىغا ئېلىنىپ قوقاستا پىشۇرۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بىر ئاز سوۋۇغاندا چايان گۆشى ۋە سالايە قىلىنغان دورىلار تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، بەدەننى قىزىتىش، مەنىي تۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىنسىي ئەزانىڭ زەئىپلىكى، سوغۇقتىن بولغان مەنىي تۇتالماسلىق، مەنىينىڭ بۇرۇن يۇرۇپ كېتىشى، جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، مەزى بېزى ياللۇغى، بەدەن زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى خۇبسۇل ھەدىد

**تەركىبى:** ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ئامىلە، مۇقەششەر، ھېلىلە سىياھ، بەسباسە، قاقىلە، ئۇد ھىندى، ئىپار، كۇنجۇت، ھەربىرى 6 گرامدىن، تۆمۈر دېتى (مۇدەپپەر) 150 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىپار ئايرىم سالايە

قىلىنىدۇ. تۆمۈر دېتى سىركىگە 5 كۈن چىلىنىپ، قۇرۇتۇلۇپ سوقۇلىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىر ئاز سوۋۇغاندا ئېپار ۋە تۆمۈر دېتى تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ مەجۇن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان كۆپەيتىش، ئىسسىق يەللەرنى تارقىتىش، قان توختىتىش، قان ئىشلەش ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يەل قولۇنجى، بوۋاسىر قاناش، قان ئازلىق، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# جاۋارىشلار

«جاۋارىشلار» خېمىر دورىلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاشقازاندىكى ناچار خىلتلارنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان مەخسۇس ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

جاۋارىشلار يەنە «ھازىم» (ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى ياسالما) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يۇمشاتقۇچى، قىزىتقۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، تاماق سىڭدۈرگۈچى ياكى ھەزىم قىلدۇرغۇچى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**جاۋارىشلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** جاۋارىشلار تەييارلىنىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) دورىلارنىڭ ئاشقازاندا توختاش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەركىبىگە قوشۇلغان يەككە دورىلار يىرىكرەك سوقۇلىدۇ، شالاڭرەك ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

(2) باشقا خېمىر دورىلارغا قارىغاندا تەمى تاتلىق بولىدۇ، خېمىر قىلىشقا ئاغرىقنىڭ مىجەزىگە ئاساسەن جاۋارىشلارنىڭ بەزىلىرىگە شېكەر قىيام قىلىنغاندىن كېيىن سوۋۇتۇلۇپ دورا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بەزىلىرىدە قىيام سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن قىيام ئۈستىگە ھەسەل سېلىنىپ ئاندىن ياسىلىدۇ، بەزىلىرى خاس ھەسەل بىلەن ياسىلىدۇ. شېكەر بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، شېكەر قىيام قىلىنماي، ھەسەلگە

ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالسىمۇ بولىدۇ.

(3) كۆپىنچە مېۋىلەرنىڭ قىيام قىلىنغان شەربەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ.

## جاۋارىش شەھرىيان

**تەركىبى:** قەلەمپۇر 13 گرام، گۈلدارچىن، سەلىخە، دارچىن، سۇمبۇل، جۇزبۇۋا، لاچىندانە، قاقىلە، ھەببى بىلىسان ھەربىرى 13 گرامدىن، مەھمۇدى 9 گرام، تۇربۇت 24 گرام، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى 24 گرام، زەپەر 13 گرام، ھەسەل 500 گرام، قەنت 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل، قەنت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ قىيام قىلىنىپ، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ھۆللۈكلەرنى تارقىتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، ئىششىق تارقىتىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرى يەنى قورساق ئېسىلىش، مەيدە ئاغرىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، قەۋزىيەتلىك، سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئىششىقلىرى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 گرامدىن 6 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# جاۋارىش ئۆد

**تەركىبى:** ئۆد ھىندى، مەستىكـــــى، قەلەمپۇر، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل، زىرە ھەربىرى 24 گرامدىن، جۆز 36 گرام، گۈلدارچىن 12 گرام، زەنجىۋىل، كەرەپشە ئۇرۇقى، زەپەر ھەربىرى 12 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسىدىن ئىـــككـــى ھەسسىسىگىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىرلىكتە تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىپ، بىر ئاز سوۋۇنغاندا زەپەر تالقىنى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشـــى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، يۈرەكنـــى كۈچلەندۈرۈش، تاماق سىڭدۈرۈپ يەللەرنى تارقىتىش، يۈرەك قوزغىلىشنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشـــى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى يەنى ئاشقازان زەئىپلىكى، مەيدە ئاغرىقـــى، قورساق ئېسىلـــــش، ئاشقازاندىن سۇ يېنىـــــش، ئاشقازان ئىششىقلىرى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، يۈرەك زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغا قەدەر، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 6 گرامغىچە ئىـــستېمال

قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش نانخۇا

**تەركىبى:** جۇۋىنە 60 گىرام، غولجاڭ 6 گىرام، قارىمۇچ، پىلپىل، دارچىن، زەنجىۋىل، قەردمانە، سۇزاپ، پىننە ھەربىرى 6 گىرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ، كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قىزىتىپ ھەزىمگە ياردەم بېرىش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەيدە ئېسىلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازاندىن سۇ يېنىش، مەيدە ئېسىلىپ ئاغرىش، ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىش، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغىچە، 3 گىرامدىن 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش قادىرى

**تەركىبى:** قەلەمپۇر، گۈلدارچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، كاۋاۋىچىن، لاچىندانە، زەپەر ھەربىرى 30 گىرامدىن، پىلپىل، ئۇدخام ھەربىرى 15 گىرامدىن، ھەسەل ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ، ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنغۇچىلىگەندىن كېيىن، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاشقازاننى قىزىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى، مەيدە ئاغرىش، ئۈچەي توسۇلۇش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، قورساق ئېسىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 گرامدىن 7 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش كۈمۈنى I

**تەركىبى:** زىرە گېرمانى 300 گرام، پىلپىل 90 گرام، زەنجىۋىل، سۈزاپ، يالپۇز ھەربىرى 120 گرامدىن، توغرىغۇ 30 گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، زىرە سىركىگە چىلىنىپ مۇددەپپەر قىلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ، توغرىغۇدىن باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىنغۇچىلىگەندىن كېيىن دەسلەپتە توغرىغۇ، كېيىن باشقا دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قاننى قىزىتىش، جىنسىي

ئەزانى قىزىتىش، ئورۇقلىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى يەنى مەيدە ئاغرىش، قورساق ئىسسىلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئىشتىھاسىزلىق، خام سېمىزلىك، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم 4 گرامدىن 8 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش كۈمۈنى II

**تەركىبى:** زىرە كېرمانى 150 گرام، قارىمۇچ 60 گرام، دارچىن، پىلپىل، سۇزاپ، زەنجىۋىل، توغرىغۇ ھەربىرى 30 گرامدىن، پەرپىيۇن 12 گرام، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇنغاندىن كېيىن، زىرە سىركىگە چىلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ ھەمدە توغرىغۇدىن باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاخىرىدا ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دەسلىپىدە توغرىغۇ تالقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا دورىلار تالقىنى، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، قاننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ بۇزۇلۇشى يەنى مەيدە ئاغرىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، قورساق ئىسسىلىش، ئېغىزدىن سۇ ئېقىش، قاننىڭ سوۋۇپ

كېتىشى، پۈت - قوللارنىڭ سوۋۇپ كېتىشى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىق، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. داۋائىلمىشكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىرلىسە جىنسىي ھەۋەسنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، ھەر قېتىمدا 4 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش زەرئۈنى

**تەركىبى:** قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، دارچىن، سەلىخە، قەلەمپۇر، خولىنجان ھەربىرى 12 گرامدىن، تۇدەرى سەفىت، تۇدەرى سۇرۇخ، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، بوزىدان، لىسانىل ئاساپىر، قۇستە شېرىن، سەئىدى ھىندى، سۇمبۇل ھەربىرى 36 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قىزىتىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك، ئاشقازان خىزمىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشى، مەيدە ئاغرىش، قورساق ئېسىلىش، بەل ئاغرىش، بۆرەك زەئىپلىكى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان زەئىپلىكى، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5

گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش جالىنوس

**تەركىبى:** سۈمبۈل، پىلپىل، قاقىلە، دارچىن، سەلىخە، خولىنجان، زەنجىۋىل، قەلەمپۇر، زەپىران، قۇستە تەلىخ، سەئىدى كۇفى، ئۇد بىلىسان، ھەببۇلئاس، ئاسارۇن، قەسىبۇس زەزىرە (قومۇشقا ئوخشايدىغان دورا) ھەربىرى 200 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، ئۆت، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئورۇقلىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆت، جىگەر، ئاشقازان خىزمىتىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، ئاشقازان ئاغرىش، يەللىك قولۇنجى، ئۆت، جىگەر خىزمىتىنىڭ ناچارلىقى، يۇقۇملۇق ۋابا، نېرۋا ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، سەرئى (تۇتقاقلىق ھوشسىزلىق)، ئاقكېسەل، بوغۇم ئاغرىقلىرى، مېڭە ۋە قان تومۇرلاردىكى توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش ئۈدبادىد

**تەركىبى:** ئاق سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەربىرى 6 گرامدىن، ئۈد ھىندى 9 گرام، مېغىزى پىستە، تاباشىر ھەربىرى 4 گرامدىن، كاپۇر 1.5 گرام، ھەسەل بىر ھەسسىدىن 2 ھەسسىسىگىچىلىك.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كافۇردىن باشقا دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. كافۇر ئوچۇق قىزدۇرۇپ ئېرىتىلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقانلىرى ۋە كافۇرنىڭ ئېرىتىلمىسى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئىسھالنى توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان ھەزىم ئەزا خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، قان سەپراۋى ئىسھال، قۇلۇنجى، مەيدە ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم 3 گرامدىن 6 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش ئۈد شېرىن

**تەركىبى:** ئۈدھىندى، دارچىن، جۇزبۇۋا، خىرفە (سېمىز ئوت ئۇرۇقى)، قاقىلە، قەلەمپۇر، خولىنجان، پىلپىل ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاسارۇن، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، ئىپار 1.5 گرام، سانا 30 گرام، ھەسەل بىر ياكى ئىككى ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تەركىبىدىكى زەپەر، ئىپار، ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ بىر ئاز سوۋۇغاندا سالايە قىلىنغان دورا تالقانلىرى، ئاخىرىدا باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاپ، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى يەنى قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىكى، ئاشقازان خاراكتېرلىك يۈرەك سىقىلىش، يۈرەك سوۋۇپ كېتىش، بەل ئاغرىش، ئاشقازان خاراكتېرلىك جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 7 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش فودىنج

**تەركىبى:** پىننە، زەنجىۋىل، جۇۋنە، زىرە، ستىياھ ھەربىرى 9 گرامدىن، بەديان، قاقىلە، قارىمۇچ ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن

ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، مەيدە ئېسىلىش، ئىچى ئېچىشىش، بوۋاسىر، زەردىسى قايناش، كۆڭلى ئاينىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش تۇربۇت

تەركىبى: تۇربۇت 120 گرام، خىيارشەنبەر 60 گرام، نەمەك ھىندى، رۇبىسۇس، بەدىيان، رۇم بەدىيان، مەھمۇدى ھەزبىرى 33 گرامدىن، بادام يېغى 5 گرام، قەنت ياكى ھەسەل بىر ھەسسە.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى بىلەن ياغ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاشقازان، ئۈچەي، ئۆت خىزمىتىنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، زىيادە ھۆللۈكنى تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆت يالللۇغى، سەپرادىن بولغان ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىلىرى، قورساق ئاغرىش، ئۈچەي قۇلىنجىلىرى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش قۇلۇنجى

**تەركىبى:** جۆز، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، دارچىن، بەسباسە، سەئىدى كۇفى، ئامىلە، لاچىندانە ھەربىرى 30 گرامدىن، ناۋات ياكى ھەسەل 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ساھەسى ئاغرىش، باش قېيىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، يەللىك قۇلۇنجى، بەل ئاغرىش، بالىياتقۇ ئىششىقى، ئاشقازان، ئۈچەي بالىياتقۇ يەل كېسەللىكلىرى، بۆرەك زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 8 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش مەستىكى

**تەركىبى:** مەستىكى، زەنجىۋىل، قاقىلە، لاچىندانە، گۈلدارچىن ھەربىرى 30 گرامدىن، قارىمۇچ، دارچىن، جۇۋىنە، كاۋاۋچىن، گۈلسەۋسەن، پوستى تۇرۇنجى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، بەديان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى، تۇخۇمى كاھۇ ھەربىرى 12 گرام، زىرە (قارا زىرە) 15 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تەركىبىدىكى زىرە سىركىگە چىلىنىپ (24 سائەت) ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىپ، ئاشقازاننى قىزىتىش، پەي - تارىمۇشلارنى چىڭىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆڭلى ئاينىش، ھۆ بولۇش، مەيدە ئاغرىش، ئۇسسۇزلۇق تۇتۇش، 12 بارماق ئۈچەي يارىلىرى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 گرامدىن 7 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# جاۋارىش تاباشىر

**تەركىبى:** قىزىلگۈل، سەمغى ئەرەبى، گىلى ئەرمىنى، جۇپتى بەللۇت، شالدى بۇيا ھەربىرى 15 گرامدىن، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن، زىخ 9 گرام، ئىسپىغۇل 30 گرام، تاباشىر، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەسەل بىر ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئىسپىغۇلدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسپىغۇلنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىسپىغۇل لوئابى ۋە باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاشىر تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، سەپراۋى قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما پەسەيتىش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆڭلى ئاينىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، ئىچىدىن قان ئۆتۈش، مەقئەت بوۋاسىرى، ئومۇمەن سەپرا ۋە قاندىن بولغان ھەزىم ئەزا خىزمىتىنىڭ ناچارلىشىشىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، 6 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش جۇزبۇۋا

**تەركىبى:** جۇزبۇۋا، بەسباسە، قەلەمپۇر، دارچىن، سۇمبۇل، سەئىدى كۇفى، ئامىلە ھەربىرى 15 گرامدىن، جۇۋىنە، كۇندۇر، پىننە ھەربىرى 3 گرامدىن، ھەسەل 1 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ھەزىم ئەزا خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى يەنى ھەزىم ناچارلىشىش، قورساق ئېسىلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئۈچەي قۇلۇنجى، ئىسھال قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، 7 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش كۇندۇر

**تەركىبى:** كۇندۇر، ئانارگۈلى ھەربىرى 30 گرامدىن، قارىمۇچ 6 گرام، جۇۋىنە، سۇمبۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، ھىلىگ 6 گرام، رۇم بەديان 9 گرام، سىيادان 9 گرام، ھەسەل بىر

ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆڭلى ئايىنىش، مەيدە، قورساق ئاغرىش، كۆڭلى ئايىنىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئىچى سۈرۈش، ئىچكى بوۋاسىر قاناش، يۈرەك قاناش، ئاق خۇن كېسەللىكى، مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تىزگىنلىيەلمەسلىك قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش كۈندۈر كەبىرى

**تەركىبى:** كۈندۈر، ئانارگۈلى، بەللۇت، سىيادان، يۇمغاقسۈت ھەربىرى 150 گرامدىن، زىرە كىرمانى، جۇۋىنە ھەربىرى 75 گرامدىن، پوستى بەلىلە، ھېلىلە سىياھ، پوستى ھېلىلە زەرد، ئاملە ھەربىرى 45 گرامدىن، ھەسەل 2 ھەسسە.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زىرە سىركىگە چىلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ باشقا دورىلار بىلەن تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئايرىلىپ دورا

تالقانلىرى تەركىبى ئارىلاشتۇرۇلۇپ جاۋارىش تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، مەنى تۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ئاغرىش، كۆڭلى ئايىنىش، ھىق تۇتۇش، ھەزىم يېنىش، ئىچى سۈرۈش، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈچەي يالليۇغىدىن بولغان ئىسھال، مەنىي، سۈيدۈك تىزگىنلىيەلمەسلىك، ئاق خۇن كېسەللىكى، بوۋاسىر قاناش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇقلار (يالانچۇقلار)

لوئۇق — مەجۇناتلاردىن سۇيۇقراق، شەربەتتىن قويۇقراق بولغان شىرنىلىك خېمىر دورا بولۇپ، ئۇنىڭغا يالاپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ۋە شۈمۈپ يېيىلىدىغانلىقى ئۈچۈن لوئۇق دەپ نام بېرىلگەن.

لوئۇقلار مەخسۇس نەپەس يوللىرى ۋە كۆكرەك قىسمىنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

لوئۇقلار تەركىبىدىكى بىر قىسىم دورىلار قايىنتىلىپ سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈيىگە شېكەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ. لوئۇقلارنى ياسىغان ھامان ئىشلىتىشكە بولىدۇ. باشقا خېمىر دورىلارغا ئوخشاش بىر مەزگىل تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئىشلىتىش ھاجەتسىز. ئادەتتە لوئۇق ياسالمىسىنىڭ قىيامى چىڭ بولۇشى، تەركىبىدىكى لوئابلىق دورىلارنىڭ لوئابىنى ئېلىشتا 1 ھەسسە دورىنى 5 ھەسسە قايىنتىپ سۇغا چىلاپ لوئابىنى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### لوئۇقى بادام I

**تەركىبى:** بادام مېغىزى 120 گرام، سەرپىستان 30 گرام، زۇپا، پىرسىياۋشان، رۇبىسۇس، سەمغى ئەرەبىــى، كەتىرا ھەربىــرى 15 گرامدىن، خەشخاش 45 گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 45 گرام، ئىسپىغۇل، بېھـى ئۇرۇقـــى، گۈلبىنەپشە ھەربىرى 15 گرامدىن، چىنى رەيھان ئۇرۇقى 15 گرام، شېكەر ياكى قەنت 1 كىلو 250 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسپىغۇل بىلەن بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، روببىسۇستىن باشقا دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇلۇپ قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ. سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا دورا لوئابلىرى ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ ھەمدە دەسلەپتە قىيامغا رۇببىسۇس ۋە مېغىز قىيامى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بىر ئاز سوۋۇغاندىن كېيىن يېلىم دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىش، گالدىكى يىرىكلىكنى يوقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئېرۋىنى كۈچلەندۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: نەپەس يولى ياللۇغىدىن بولغان يۆتەل، زۇكام، دەم سىقىلىش، ئۆپكە ۋە كۆكرەككە قۇرۇقلۇق يېتىش، ئېرۋا ئاجىزلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ئاخشىمى 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇقى بادام Ⅱ

تەركىبى: قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بادام مېغىزى ھەربىرى 15 گرامدىن، نىشاستە 9 گرام، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، تىنىم خەشخاش، بىخ سۇس، بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، شېكەر ياكى ناۋات 500 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ ئىسپىغول، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. يېلىم دورىلاردىن ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، نىشاستە ئايرىم سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. بىخ سۈس بىلەن تۇخۇمى خەشخاش چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ قايىنتىلىپ سۈزۈلىدۇ ھەمدە سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا لوئابلىق دورىلارنىڭ لوئابى ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىنىدۇ ھەمدە قىيامغا دەسلىپىدە مېغىز دورىلارنىڭ تالقىنى، ئاخىرىدا يېلىم دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرا ۋە قان خىلتىدىن بولغان نەپەس يولى ياللۇغى يەنى قۇرۇق يۆتەل، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** ئۆپكە سىلىغا بېرىلمەيدۇ.

## لوئۇقى سەرپىستان

**تەركىبى:** گۈلبىنەپشە، گۈل گاۋزىبان ھەربىرى 21 گرامدىن، ئەنجۈر قېقى 30 گرام، كىشمىش ئۈزۈم 30 گرام، سەرپىستان 30 گرام، رۇبىسۇس، ئاقلەيلىگۈل، كۆكنار گۈلى، ھەمىشباھار گۈلى ھەربىرى 12 گرامدىن، پوستى خەشخاش، تىنىم خەشخاش ھەربىرى 90 گرامدىن، ناۋات 360 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى ئەنجۈر بىلەن ئۈزۈم ئايرىم سوقۇلىدۇ. روبىبسۇستىن باشقا دورىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇلۇپ قايىنىتىپ سۈزۈلىدۇ ھەمدە سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا ناۋات سېلىنىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام بولغاندا روبىبسۇس ۋە ئەنجۈر، ئۈزۈم تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، كۆكرەكنى يۇمشىتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سەپرا، قاندىن بولغان نەپەس يولى ياللۇغى، يەنى يۆتەل، دەم سىقىلىش، گال قىچىشىش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دىققەت: ئۆپكە كېسەللىكى بارلارغا بېرىلمەيدۇ.

## لوئۇقى ئىسپىغۇل

تەركىبى: ئىسپىغۇل، زىغىر، گاۋزىبان، لاچىندانە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، بالەنگۇ ھەربىرى 18 گرامدىن، بادام مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى 12 گرامدىن، ناۋات ياكى شېكەر 500 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسپىغۇل بىلەن زىغىر، بالەنگۇنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. تالقان دورىلار سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە دورا لوئابلىرىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، سىزىمچانلىقنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: قان، سەپرادىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكلىرى يەنى يۆتەل، دەم سىقىلىش، ئۆتكۈر قىزىتما، كۆڭلى ئايىنىش بىلەن بىرگە يۆتەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇقى كەتان

تەركىبى: زىغىر 90 گرام، قەردمانە 30 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زىغىر قورۇلۇپ قەردمانە بىلەن يۇمشاق سوقۇلۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل قىزدۇرۇلۇپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلىدۇ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.
تەسىرى: نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، دەم سىقىلىشنى پەسەيتىش، كۆكرەكنى يۇمشىتىش، نەپەس يوللىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: دەم سىقىلىش، كونا يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، سوزۇلما نەپەس يولى ياللۇغىدىن بولغان يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، 5 گرامدىن 10

گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇۋقى كەتان كەبىرى

**تەركىبى:** گۈلىنەپشە، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تۇخۇمى خەشخاش، بادام مېغىزى ھەربىرى 15 گرامدىن، چىلغوزا مېغىزى 30 گرام، زىغىر 30 گرام، شېكەر ياكى قەنت 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ زىغىر قورۇلۇپ سارغايتىلىپ، باشقا دورىلار بىلەن سوقۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە شېكەر ئېرىتىلىپ قىيام قىلىنىپ، دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆكرەكنى، بەلغەمنى تازىلاش، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكى، كونا يۆتەل، دەم سىقىلىش، كۆكرەك، ئۆپكىگە قورۇقلۇق يېتىش، قان تۈكۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 10 گرامدىن 15 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# كۆمىلاچ (ھەببى) ياسالمىلىرى

كۆمىلاچ دورىلار — ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى سوقۇپ تالقانلاپ، مۇۋاپىق يېپىشتۇرغۇچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ ياسىلىدىغان بىر خىل دورا شەكلىدۇر. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچىلار ھەسەل سۈيى، دورا ئەرەقلىرى ۋە قايناق سۇدىن ئىبارەت.

كۆمىلاچ دورىلارنىڭ تەسىرى ئاشقازان، ئۈچەيدە ئۇزۇن ساقلىنىدۇ ھەمدە ئاشقازان ئۈچەيدە پارچىلىنىشى ئاستا بولۇپ تەدرىجىي ھالدا ئۈنۈمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەركىبىدىكى بەزى دورىلارنىڭ ئاچچىق تەمىنى ۋە يېقىمسىز پۇراقلىرىنى يوشۇرالايدۇ. تەييارلاش مەشغۇلاتى ئاددىي، ھەرقانداق ئەھۋالدا تەييارلىغىلى بولىدۇ. ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، تۇراقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، 1 يىلدىن 3 يىلغىچە ساقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. كۆپىنچە 2.0 گرامدىن 0.5 گرامغىچىلىك ئېغىرلىقتا تەييارلىنىدۇ.

## ھەببى قوقىيا

**تەركىبى:** ئەپسەنتىن، مەستىكى رۇمى، تۇربۇت، ئۇستقۇدۇس، سەبرى ھەربىرى 7 گرام، مەھمۇدى، شەھمەنزەل، سانا ھەربىرى 3 گرامدىن، ھەببۇلمۇلۇك مۇدەپپەر 2 گرام، بەدىيان 9 گرام، غارىقۇن 9 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، سىپلاشتۇرۇلىدۇ، بەدىيان قايناق سۇغا چىلىنىپ تەمى چىقىرىلىدۇ. ھەببۇلمۇلۇكنىڭ پوستى ۋە تىلى ئېلىۋېتىلىپ باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىياننىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** مېڭە، قان تومۇرلىرىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، بەلغەم، سەۋدا ماددىلىرىنى سۈرۈش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىقلىرى، مېڭە، قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى، كۆز تورلىشىش، قان بېسىم خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى، كۆز، قۇلاق ئاغرىش، چىش ئاغرىش، ھەيز راۋان بولماسلىق، 40 كۈندىن تۆۋەن بولغان ھامىلىنى چۈشۈرۈش (%50 چۈشۈرىدۇ) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، 3 دانىدىن 15 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** كەم قان كىشىلەرگە، ھامىلدار ئاياللارغا، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ.

## ھەببى بىنەپشە

**تەركىبى:** گۈلبىنەپشە 36 گرام، تۇربۇت 18 گرام، مەھمۇدى 5 گرام، رۇبىسۇس 9 گرام، كەتىرا 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. رۇبىسۇس قايناق سۇدا ئېرىتىلىپ مۇۋاپىق مىقداردا بەدىيان سۈيى قوشۇلۇپ، دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: باش ئاغرىش، كۆز ئاغرىقى، نەزلىنى توختىتىش، ئۆتكۈر قىزىتما، دەم سىقىلىش، يۆتەل، قەۋزىيەت قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى موقەل

تەركىبى: ھېلىلە زەرد پوستى، بەلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، ئامىلە، ھېلىلە سىياھ، كۈدە ئۇرۇقى، مۇقەل ئەسلى، سانا ھەربىرى 9 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە كۆك كۈدە سىقىلىپ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: كۆز قىزىرىش، بوۋاسىر، يەنى مەقئەت بوۋاسىرى، بورۇن بوۋاسىرى، بالىياتقۇ بوۋاسىرى، جىنسىي ئەزا قىزىرىش، چىش مىلىكى ئاغرىقلىرى، بورۇن ياللۇغى، گال ئاغرىقلىرى، جاراھەتلىك كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، 5 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى زەھەب

**تەركىبى:** سەبرى 9 گرام، ھېلىلە زەرد پوستى، مەستىكى رۇمى، كەتىرا، مەھمۇدى، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، قىزىلگۈل 15 گرام، بەدىيان سۈيى.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش (قان تومۇرلارنىڭ)، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆز ئىچكى پەردە ياللۇغى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، نامازشام قارىغۇسى، كۆز تورلىشىش، باش ئاغرىش، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى شەبيار

**تەركىبى:** ئەفتىمۇن، غارىقۇن، ئۇستۇقۇددۇس، ھېلىلە زەرد پوستى، سەبرى ھەربىرى 5 گرامدىن، ئۇد ھىندى، ھېلىلە

زەرد پوستى ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەديان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** تۇسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، قان تازىلاش، جىگەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچىنى بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان تۇسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، باش ـ مېڭە ئاغرىقلىرى، نامازشام قارىغۇسى، مەيدە ئاغرىقلىرى، ئۆتكۈر قىزىتما، قولاق ئېغىرلىقى، بوۋاسىر، جىگەر زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** ئىچى ئاسان سۈرۈلىدىغانلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## ھەببى تۇربۇت I

**تەركىبى:** تۇربۇت 6 گرام، سەبرى 3 گرام، ھەببى نىيل، شەھمەنزەل ھەربىرى 2 گرامدىن، مەھمۇدى 2 گرام، كەتىرا، موقەل ھەربىرى 2 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەديان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** يەل ھەيدەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھۆل - سوغۇقتىن بولغان قان تومۇر كېسەللىكلىرى، قۇلاق ئاغرىش، يېرىلىك ئېقىش، باش ئاغرىش، مېڭە قان تومۇر قېتىش، قۇلاق ئېغىرلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەرقېتىمدا 5 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى تۈربۇت Ⅱ

**تەركىبى:** شەھمەنزەل، ھېلىلەزرد پوستى، ئەنزىرۇت، كەتىرا ھەربىرى 6 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سوقۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى، باش ئاغرىش، قۇلاقتىن سۇ ئېقىش، قەۋزىيەتلىك سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، تۇرلۇك سۇلۇق ئىششىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5

دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئىستەمغىقۇن

**تەركىبى:** ھېلىلە، كابىلە پوستى 18 گرام، ئامىلە، ئەپسەنتىن، غارىقۇن، مەھمۇدى ھەربىرى 9 گرامدىن، ئاسارۇن، رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، تۇربۇت 21 گرام، ئەفتىمۇن 15 گرام، سەبرى 24 گرام، قەلەمپۇر، پىننە ھەربىرى 12 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتىنى سۈرۈش، تومۇرلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇلاق ئاغرىقلىرى، قۇلاق ئېغىرلىقى، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان مېڭە قان تومۇرى كېسەللىكى، باش ئاغرىقلىرى، كۆز كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، نەزلە، چىش ئاغرىقلىرى، سەرئىدىن بولغان ھوشسىزلىق، سەرسامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغا قەدەر، 5 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى رەسكەفۇر I

**تەركىبى:** ھىلىلەزەرد پوستى 120 گرام، كەپىرەس ھەسىلى 30 گرام، خۇنسىياۋشان 15 گرام، قىزىلگۈل 15 گرام، قەنت ياكى شېكەر 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، كەپىرەس خېمىرغا ئوراپ پىشۇرۇلۇپ كۇشتە قىلىنىدۇ، يۇمشاق سوقۇلىدۇ. باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە قەنت ياكى شېكەر ئېرىتىلىپ دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، جاراسىملارنى ئۆلتۈرۈش، تورمۇزلاش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان قان بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش، كۆز بوۋاسىرلىرى، چىش تۈۋى قاناش، قۇلاقتىن سۇ ئېقىش، بۇرۇن نەپەس يولى ياللۇغى، ھەرقانداق يىرىڭلىق جاراھەتلەر، گال ئاغرىقلىرى، بادامبەز ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ناسۇر، ئاقما، بوۋاسىرقاناش، سىغلىس، يەلتاشما، يۇقۇملۇق سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى، سۆزنەك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ئاخشىمى شامالغا چىقماي 2 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك كېرەك.

دىققەت: بۇ دورا ئىچىنى سۈرىدۇ ھەم گال ئىششىش، چىش بوشاش، ئېغىزدىن سۇ ئېقىش ئالامىتىنى پەيدا قىلغاندا، بۇ دورىنى يېيىشنى توختىتىش كېرەك. ھەم بەدىنىگە قىزىل قاپارتقۇ پەيدا قىلىدۇ. تۇزەتكۈچىسى سۇپىتىدە باچكا گۈشى يېسە بولىدۇ.

## ھەببى رەسكەفۇر Ⅱ

تەركىبى: كوفرەس 30 گرام، خۇنسىياۋشان 15 گرام، قىزىلگۈل، ھېلىلەزەرد پوستى ھەربىرى 15 گرامدىن، قەنت ياكى شېكەر 15 گرام، قەلەمپۇر 9 گرام، دورىلىق سىر 9 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، كوفرەس بىلەن سىر كۇشتە قىلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىدۇ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، سىفلىس مىكروبىنى يوقىتىش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سىفلىس، يۇقۇملۇق سۇيدۇك يولى كېسەللىكى، سۆزنەك، قولاق ئاغرىقى، قولاقتىن يىرىڭ ئېقىش، گال ئاغرىش، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، بوۋاسىر قاناش، چىش مىلىكى بوشاش ۋە قاناش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم (ئاخشىمى)، 2

دانىدىن 5 دانىغىچە شامالغا چىقماي، سوغۇق سۇ ئىچمەي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** ئىستېمال قىلغاندا بىرئاز ئىچىنى سۈرىدۇ. كۆپ يېسە چىش مىلىكىنى بوشىتىدۇ، بۇخىل ئەھۋالدا ئىستېمال قىلىشنى دەرھال توختىتىش كېرەك.

## ھەببى سىماب

**تەركىبى:** سىماب، گۇڭگۇرت يېغى ھەربىرى 9 گرامدىن، كات ھىندى، زەرنىخ، كۆپۈكى دەريا، بىخ مارجان، موزا، ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر، مەدەستان، ھېلىلەزرد پوستى، ھېلىلە سىياھ، ئېگىر، بوزۇغا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سىماب گۇڭگۇرت يېغى بىلەن قارا كۆك رەڭگە كىرگۈچە 14 سائەت سوقۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. باشقا دورىلارمۇ بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆلتۈرۈلگەن سىماب بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ ياكى لىمون سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىشىمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قاندىكى سىفلىس مىكروبلىرىنى يوقىتىش، راك ئۆسمىلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى تورمۇزلاش، قان تازىلاش، جاراھەتلەرنىڭ ھۆللۈكىنى يوقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بۇ تەسىرى كۈچلۈكرەك دورا بولۇپ، راك ئۆسمىلىرى، سىفلىس، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ئاقما، ناسۇر جاراھەتلىرىنى يوقىتىش، جوزام، كونا جاراھەتلەر، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك يارىلارنى داۋالاشقا

ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە ئاخشىمى 1 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**دىققەت:** بۇ زەھەرلىك تەسىرى كۈچلۈك دورا بولۇپ، سىماب ياخشى ئۆلتۈرۈلمىسە ياكى كۆپ يېيىلسە ئاشقازان، ئۈچەيدە قاناش پەيدا قىلىدۇ. ئومۇمىي بەدەنگە رېئاكسىيە بېرىش، ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق خەتەرلىك ئەھۋاللارنى سادىر قىلىدۇ.

## ھەببى ئايارەنجى پەيقىرا

**تەركىبى:** سەبرى، تۇربۇت ھەربىرى 6 گرامدىن، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، غارىقۇن، بەدىيان رومى، شەھمەنزەل، نەمەكى ھىندى ھەربىرى 3 گرامدىن، بەدىيان 3 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.
**تەسىرى:** مېڭە قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىش، تومۇرلىرىنى كېڭەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىش، باش قېيىش، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىشى، قان بېسىم يۇقىرىلىقتىن بولغان يۈت ـ قول ئاغرىش، مۇپاسىل، پالەچ، لەقۋا، تىل ئېغىرلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەرقېتىمدا 5 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى مەنتىيىن I

**تەركىبى:** سەبرى 30 گرام، تۆربۆت 3 گرام، شەھمەنزەل 15 گرام، ياپچان، ماھى زەھرەج ھەربىرى 15 گرامدىن، پەرپىيۇن 7 گرام، قۇندۇز قەھرى 3 گرام، توم زەنجىۋىل، ھىڭ، سەكبىنەچ، جاۋۋشىر، شەترەنجى ھىندى، قىزىل قىچا، پىلپىل ھەربىرى 3 گرامدىن، ھەسەل مۇۋاپىق مىقداردا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش، قاننى سۈيۈلدۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، يۇقىرى قان بېسىمىدىن بولغان پۇت - قول ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، مۇپاسىل، سىڭە قان تومۇر قېتىش، ھەرخىل كۆمۈرچەك، سۆڭەك ئۆسمىلىرى، بەل ئاغرىش، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى مەنتىيىن II

**تەركىبى:** سەبرى 30 گرام، شەھمەنزەل 15 گرام، ياپچان 15 گرام، ماھى زەھرەج 15 گرام، پەرپىيۇن 7 گرام، قۇندۇزقەھرى، توم زەنجىۋىل، سەكبىنەچ، جاۋۋشىر، قىزىل

قىچا، پىلپىل ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، بەدەننى قىزىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، مۇپاسىل، نىقرەس، تەشەننۇچ، سەرگى، سەكتە، جىگەر، قان تۇسۇلۇش، تۇرلۇك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سەممۇلپار

**تەركىبى:** سەممۇلپار، سىماب، سۇ پارى، جۆز، كەھرىۋا، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرھا، سەنگى جاراھەت، رۇسۇت، مەدەستان، ھېلىلە سىياھ ھەربىرى 15 گرامدىن، غاپەس (ئۇسسارس) ھەربىرى 7 گرامدىن، لىمون جەۋھىرى، پەرپىيۇن 9 گرامدىن، ئەنزىرۇت، سەبرى ھەربىرى 9 گرامدىن، گۈڭگۈرت يېغى 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سىماب گۈڭگۈرت يېغى بىلەن ئېزىلىپ 14 سائەت ئۆلتۈرۈلىدۇ، باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى:

تەسىرى: قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، جاراسىملارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تورمۇزلاش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: تۇرلۇك جاراھەتلەر، مۇپاسىل، نىقرەس، ناسۇر ئاقمىلىرى، بوۋاسىر، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، گال ئىششىقى، راك ئۆسمىلىرى، يامان سۇپەتلىك ھەرخىل سۆگەك سىللىرى، سىفلىس قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ھەرقېتىمدا 1 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دىققەت: بۇ دورا زەھەرلىك بولغاچقا، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا گال تۈۋى ئىششىش، چىشلىرى بوشاش، ئاشقازان، ئۈچەي قاناش، ئومۇمىي بەدەندە قىزىل يەل تاشما پەيدا بولۇش، يۈرەك ھەزىكىتى تېزلەش قاتارلىق خەتەرلىك ئەھۋاللارنى سادىر قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىياتسىزلىقتىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، دورىنى ئىستېمال قىلىشنى توختىتىش بىلەن باچكا گۆشى يېيىش كېرەك، بۇ دورىنى ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا شامالغا چىقماي، سوغۇق سۇ ئىچمەي ئىستېمال قىلىش لازىم. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئەمەل قىلىنمىسا رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ.

## ھەببى شاھتەررە

تەركىبى: شاھتەررە 120 گرام، ھېلىلەزەرد پوستى 120 گرام، ھېلىلە كابىلە پوستى 60 گرام، سانا 60 گرام، ئامىلە قېقى 30 گرام، قۇرۇق يۇلغۇن 6 گرام، رەۋەن چىنى 6 گرام، چىلاپا 15 گرام، بادام يېغى 9 گرام، كۆك كىشمىش ئۈزۈم مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئۈزۈمدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن تاسقاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، كۆك كىشمىش ئۈزۈمنى ئايرىم ئېزىپ دورا تالقانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، تېرە خىزمىتىنى ياخشىلاش، چاچ ئۆستۈرۈش، قارايتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قىزىل يەل، چاچ، ساقال دائىرىلىك چۈشۈش، ھەرخىل كالا تەمرەتكىسى، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، يەلتاشمىلار، چاچ مۇددەتتىن بۇرۇن ئاقىرىش، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** ئىچى سۈرگەن كېسەللىكلەرگە ھەم ھامىلدار ئاياللارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## ھەببى ئىتترىفىل كىبرت

**تەركىبى:** گۈڭگۈرت يېغى 24 گرام، ئەسلى چۈبچىن 12 گرام، ئاقىرقەرھا 12 گرام، نۆشۈدۈر 12 گرام، سەمغى ئەرەبى 6 گرام، ھېلىلەزەرد پوستى 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، نۆشۈدۈر ئايرىم كۈشتە قىلىنىدۇ، ياغدىن باشقا دورىلار تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، گۈڭگۈرت يېغى سۇس ئوتتا قىزىتىلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر سۈيىگە ياغلار ۋە بارلىق دورا تالقانلىرى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، بەدەندىكى سوغۇق ۋە ئىسسىق يەللەرنى تارقىتىش، جاراسىملارنــى ئۆلتۈرۈش، تورمۇزلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشــــى:** قان بۇزۇلۇشتىـــن بولغان تېرە خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، يەلتاشما، ھۆل تەمرەتكە، قۇرۇق تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسى، بوۋاسىر، ھەرخىل جاراھەت، ناسۇر ئاقمىلىرى، خانازىر (بويۇن لـــمفا تۈبېركۇليوزى) پۈتۈن ئەزالارغا ۋە تاناسىل ئەزالاردا پەيدا بولغان يەل كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى بۇۋىستۇن I

**تەركىبى:** ئاقمۇچ، چۆبچىن ھەربىرى 9 گرامدىن، شاتۈت 3 گرام، ئىسپىغۇل 3 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 3 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىـــنىـــپ، ئەلگەكتىـــن ئۆتكۈزۈلۈپ، يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىـــش، قىزىتما قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، گال ئاغرىش، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، ئېغىز ياللۇغى، كاناي جاراھەتلىرى، ئۆتكۈر قىزىتما قاتارلىقلارنــى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 5 داندىن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى يۇقىرىقى دورا بىلەن ئېغىزنى چايقىسىمۇ بولىدۇ.

## ھەببى بۇۋىستۇن II

**تەركىبى:** كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، رۇببىسۇس، قاپاق ئۇرۇقى، پەتەڭگان ئۇرۇقى ھەربىرى 5 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، پىنىنە سۈيى ياكى يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يەل تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئېغىز ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى، قان، سەپرا خىلتى تەسىرىدىن قاندا بۇزۇلۇش بولۇپ كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر، يۆتەل، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 داندىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سۆرۈنجان I

**تەركىبى:** ماھى زەھرەج 30 گرام، سۆرۈنجان مىسرى 60 گرام، چۆبچىن، ھەببۇلمۇلۇك 6 گرام، قەردمانە 30 گرام، ئېگىر 15 گرام، پوستى ھېلىلەزەرد 30 گرام، سەبرى 60

گرام، شەترەنجى ھىندى 30 گرام، ئوردان 15 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ھەببۇلمۇلۇكنىڭ زەھىرى ئايرىلىپ دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەرقى بەديان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، پۇت - قوللارنىڭ ئېغىرلىقىنى قالدۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مۇپاسىل، نىقرىس، ئېرقىننىسا، يانپاش بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئومۇمىي بەدەن ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم 5 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** كۆپ يېسە ئىچىنى قاتتىق سۈرىدۇ.

## ھەببى سۆرۈنجان II

**تەركىبى:** سۆرۈنجان مىسرى، پوستى ھېلىلە زەرد ھەربىرى 15 گرامدىن، تۇربۇت 30 گرام، غارىقۇن، قىزىلگۈل، سەكبىنەچ، ئەفتىمۇن، گۈلبىنەپشە، نەمەكى ھىندى، رۇم بەديان، مەھمۇدى، مۇقەل، بوزىدان ھەربىرى 6 گرامدىن، ئاقىرقەرھا، شەھمەنزەل، ئوردان، پارپا، زىرە گېرمانى، زەنجىۋىل ھەربىرى 3 گرامدىن، قوغۇن ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ھەربىرى 6 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن سېرىقچېچەك

سۈغا چىلىنىپ سۈيى تەييارلىنىدۇ. باشقا دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە دورا تالقانلىرى دورا سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، نورمالسىز خىلىتلارنى سۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان مۇپاسىل، نىقرەس، ئېرقىننىسا، يانپاش ئاغرىقلىرى، ئومۇمىي بەدەن تېلىپ ئاغرىش، كۆمۈرچەك ئۆسمىسى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سۆرۈنجان قادىرى

**تەركىبى:** ماھى زەھرەج 90 گرام، سۆرۈنجان مىسرى، بوزىدان، شەھمەنزەل ھەربىرى 90 گرامدىن، خەربەق سىياھ 60 گرام، ھېلىلە زەرد پوستى، سەبرى، خەربەق 210 گرامدىن، ھەب مىلىكى 15 گرام، ئوردان 9 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى، ئېگىر، سانا ھەربىرى 9 گرامدىن، شەترەنجى 30 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ھەببۇلمۇلۇكنىڭ زەھىرى ئايرىلىپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرگە يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەدىيان ئەرقىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان مۇپاسىل، نىقرەس، ئېرقىننىسا، بوغۇم ئىششىقى، بەل ئاغرىش، تەرەت راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دىققەت: كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ.

## ھەببى سۆرۈنجان كەبىرى

تەركىبى: سەبرى، تۇربۇت، مۇقەل، مەھمۇدى، ھىلى، خىيارشەنبەر ھەربىرى 30 گرامدىن، شەھمەنزەل، ياپچان، سۆرۈنجان مىسرى، پەرپىيۇن ھەربىرى 6 گرامدىن، زەنجىۋىل، شەترەنجى ھىندى، پىلپىل، ئاق قىچا، قۇندۇزقەھرى ھەربىرى 3 گرام، بوزىدان، ماھى زەھرەج، زەنجىۋىل ھەربىرى 2 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: قاننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى قالدۇرۇش، قان تۆكچىلىرىنى تارقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: مۇپاسىل، نىقرىس، ئېرقىننىسا، پالەچ، مېڭە، قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، يانپاش ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى جەدۋار I

**تەركىبى:** قارىمۇچ، پىلپىل، ئاقىرقەرھا، دارچىن، خولىنجان، بوزىدان، ئېگىر ھەربىرى 7 گرامدىن، ئەنبەر، ئىپار ھەربىرى 3 گرامدىن، پارپا 12 گرام، يۇمغاقسۈت، زەپەر، ھېلىلە سىياھ، مۇرمەككى، قىزىلگۈل ھەربىرى 9 گرامدىن، ھەسەل ياكى ناۋات 150 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ھەسەل ياكى ناۋات سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى قىزىتىش، ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، ئىششىق تارقىتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا (ئومۇمىي بەدەن)، ئىستىرخائى زەكەر، مەنىي تېز كېتىش، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىكى تۈرلۈك سوۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھەر كۈنى 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى جەدۋار II

**تەركىبى:** ئەپيۇن 6 گرام، قارىمۇچ، ئاقىرقەرھا، پىلپىل، دارچىن، قولىنجان، جوزبۇۋا ھەربىرى 16 گرامدىن، پەرپىيۇن، قۇندۇز قەھرى، ئەنبەر ھەربىرى 7 گرامدىن، پارپا

12 گرام، تۇخۇمى كاسىسە، ئۇد قىمار، چىنىي رەيھان، قەلەمپۇر، گۈلدارچىن، كاۋاۋىچىن، بوزۇغا، مەستىكىي، تۇرۇنجى ئەقرەبى، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، سۆئىلەپ، شاقاقۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، نىبات (ناۋات) 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ناۋات سۇيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قاننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئشە، جىنسىي ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىق، ئىستىرخائى زەكەر، ئىستىرخائى بەدەن، مەنىي سۇيۇلۇش، دەم تۇتۇلۇش، سىلانى رەھىم، بادرەھمى، بالىياتقۇ ئىششىقى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى جەدۋار قادىرى

**تەركىبى:** پارپا، مەرۋايىت، پىلپىل، ھەربىرى 3 گرامدىن، بالەنگو، ئۇدقىمار، قەلەمپۇر، گۈلدارچىن، كاۋاۋىچىن، قارىمۇچ ھەربىرى 6 گرامدىن، سۆئىلەپ، شاقاقۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، زەپەر 4 گرام، ئاق بەھمەن، زۇرەمبات، مەستىكى رۇمى، سەمغى ئەرەبى، ئاقىرقەرھا، پەرپىيۇن، ئىپار، دارچىن ھەربىرى 6 گرامدىن، ناۋات 60 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، مەرۋايىت ئايرىم لايىقلاشتۇرۇلۇپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ناۋات سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قاننى قىزىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، يۈرەك، باھ، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، ئىستىرخائىي بەدەن، ئىستىرخائى زەكەر، باھ ئاجىزلىقى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** قىزىتمىلىق كېسەللەرگە بېرىلمەيدۇ.

## ھەببى شىپا

**تەركىبى:** ۋاك ئۇرۇقى 90 گرام، رەۋەن چىنى 45 گرام، زەنجىۋىل 45 گرام، خەشخاش ئۇرۇقى 60 گرام، جۆز 30 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ۋاك ئۇرۇقى 120 گرام خەشخاش ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىلىپ، سۈيىدە باشقا دورىلارنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** تىنچلاندۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، تەرەتنى بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش قاتارلىق تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يېڭى ـ كونا ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، نېرۋا زەئىپلىكى، مەنىي تۆتالماسلىق، ئاق خۇن كېسەللىكلىرى، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلەپ كېتىش، رەئىشە، ئۆتكۈر قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئەپيۇنكەشلەرنىڭ خۇمارىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ئاخشىمى 1 دانىدىن ئۈچ دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** كۆپ يېسە ئىشتىھانى قۇرۇتىدۇ، نېرۋىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ، ھەتتا ۋاقىتلىق تەلۋىلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە قۇرۇق قورۇش ياكى سىركىدە، تۇزدا داغلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## ھەببى سالاتىن

**تەركىبى:** سىماب، گۈڭگۈرت يېغى، دانىكار، پوستى ھېلىلە، زەنجىۋىل، ھەربىرى 60 گرامدىن، ھەببۇلمۇلۇك 120 گرام، لىمون 30 گرام، قىزىلگۈل 30 گرام، پەرپىيۇن 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇپ، سىمابنى گۈڭگۈرت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنىپ، ھەببۇلمۇلۇك قورۇلۇپ زەھىرى تازىلىنىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە باشقا دورىلارمۇ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يەللىك قۇلۇنجى، ئۈچەي قۇلۇنجى، سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى، ئۈچەي تۇسۇلۇش، قەۋزىيەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە بېرىلسە بولىدۇ. شامالغا چىقماي، سوغۇق سۇ ئىچمەي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** بۇ تەسىرى كۈچلۈك دورا بولۇپ، كۆپ يېسە ئىچىنى قاتتىق سۈرىدۇ، ئۈچەينى تېشىۋېتىدۇ.

## ھەببى گۆرسىنگى

**تەركىبى:** قارىمۇچ 120 گرام، سەبرى 60 گرام، كەتىرا 30 گرام، بەزرۇلبەنجى 30 گرام، دانىكار 30 گرام، شەھمەنزەل 30 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 30 گرام، رەۋەن چىنى 15 گرام، پوستى ھېلىلە 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يەل قۇلۇنجى، قارا داغ، مەيدە ئاغرىقلىرى، ئىشتىھاسىزلىق، قەۋزىيەت، بەل ئاغرىش، ئۆت ياللۇغى، كۆڭلى ئاينىش، قورساق ئېسىلىش، پۇت ـ قول ئېغىرلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى غارىقۇن I

**تەركىبى:** غارىقۇن، سەبرە، سېرىق ئوت ھەربىرى 60 گرامدىن، ئاسارۇن، مەھمۇدى، رۇم بەديان، كۇدە ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى ھەربىرى 18 گرام، ھەببۇلمۇلۇك مېغىزى 9 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، ھەببۇلمۇلۇكنىڭ زەھىرى ئايرىلىپ پىشۇرۇپلا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ، باشقا دورىلار بىلەن سوقۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، كۇدە سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نەپەسنى قىستاش، ھۆ تۇتۇش، زۇكام، نەپەس يولى ۋە ئۆپكە ياللۇغى، زىققە، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىنى قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 9 دانىغا قەدەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى غارىقۇن II

**تەركىبى:** غارىقۇن 12 گرام، سەبرە 15 گرام، سېرىق ئوت 16 گرام، ئاسارۇن 6 گرام، تاغ سەۋزىسى ئۇرۇقى 6

گرام، كەرەپشە ئۈرۈقى 6 گرام، مەھمۇدى 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تالقانلىنىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئىسپىغۇل لوئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ:

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەس يولىنىڭ ياللۇغلىرىنى قايتۇرۇش، كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىنى قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش قاتارلىق تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە ياللۇغى، نەپەس يولى ياللۇغى، جىگەر مەنبەلىك ئىستىسقا، يۆتەل، دەم سىقىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 7 دانىغىچە بېرىلىدۇ.

## ھەببى غارىقۇن Ⅲ

**تەركىبى:** غارىقۇن، مەھمۇدى ھەربىرى 9 گرامدىن، تۇربۇت 15 گرام، شەھمەنزەل، ئەنزىرۇت ھەربىرى 6 گرامدىن، رۇبىسۇس 3 گرام، سەبرە 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** دەم سىقىلىش، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك

كېسەللىكلىرىدىكى ئىششىق، ئۆپكە جاراھىتى، بەلغەمى يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.

## ھەببى ئىمساك I

**تەركىبى:** نەشە يېغى 120 گرام، ئەپيۇن 60 گرام، كۈچۈلا مۇدەببەر 90 گرام، سىماب 30 گرام، ئاقىرقەرھا 30 گرام، بەزرۇلبەنجى 15 گرام، تۇخۇمى خەشخاش، قەلەمپۇر، خولىنجان، جۆزبۇۋا، بەسباسە، مەستىكى رۇمى، زەنجىۋىل، پىلپىل، نارمىشكى، پەرەنجىمىشكى، مەھمۇدى، دارچىن، سۆئلەپ، پارپا ھەربىرى 15 گرام، گاۋزىبان، ئوغرىتىكەن، كاۋاۋچىن، سەمغى ئەرەبى، سەئىدى كۇفى، سۇپارى، جۆز، ئانارگۈلى ھەربىرى 6 گرامدىن، قارىمۇچ، موميا ھەربىرى 12 گرامدىن، كۈمۈش ۋەرەق، ئالتۇن ۋەرەق 10 دانىدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سىماب گۆگگۈرت يېغىدا ئۆلتۈرۈلۈپ باشقا دورىلار بىرگە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەممە قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مەست قىلىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەنىي تۇتالماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، بەل ئاغرىش، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، ئاق خۇن كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم بىر دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

دىققەت: گۆشگۆرت يېغى بىلەن سىمابنى 10 سائەت سوقۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئاخشىمى شامالغا چىقماي، سوغۇق سۇ ئىچمەي ئىستېمال قىلىش لازىم.

## ھەببى ئىمىساك سادده

**تەركىبى:** جۆز، كەتىرا، شاقاقۇل، دانىكار ھەربىرى 12 گرامدىن، دورىلىق سىر 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سىردىن باشقا دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، سىر كۆشتە قىلىنىدۇ، دورىلار قايناق سۇدا يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي، سۈيدۈكنى تىزگىنلەش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سۇرئىتى ئىنزال، سىيلانى مەنىي، يۇرەك، باھ ئاجىزلىقى، مەزى بېزى ياللۇغى، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 داندىن 4 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئىمىساك II

**تەركىبى:** مۇدەببەر قىلىنغان كۈچۈلا، تۇخۇمى تاتۇر، بەزرۇلبەنجى، سۇ پارى، جۆز، چىگىت مېغىزى، پوستى خەشخاش ھەربىرى 5 گرامدىن، ئەپيۇن، كەتىرا ھەربىرى 6 گرامدىن، سەمغى ئەرەبى 24 گرام، ناۋات 30 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ناۋات سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** باھ، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي، سۈيدۈكنى تىزگىنلەش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەدەن ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، سۈرئىتى ئىنزال، سىيلانى رەھىمى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 داندىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئىمساك Ⅲ

**تەركىبى:** پارپا، سۈمبۇل، قەلەمپۇر، دۇرۇنەچ ئەقرەبى، بەسباسە، جويۇز، لاچىندانە، سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، زەپىران ھەربىرى 30 گرامدىن، كۈندۈر 90 گرام، كۈچۈلا مۇدەببەر 180 گرام، ئەپيۇن 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەدەن، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي، سۈيدۈكنى تىزگىنلەش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەنىي تېز كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، كۆپ ئىھتىلام بولۇش، بەل ئاغرىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 تالدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئاتىشەك

تەركىبى: ئۇسۇلۇك ئۇرۇقى، قاپاق مېغىزى ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، سىمىز ئوت ئۇرۇقى 90 گرام، بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل 15 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابى چىقىرىلىدۇ، باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابىدا يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قاندىكى قەنتنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: كۆپ ئۇسساش، ئۆتكۈر قىزىتما، قەۋزىيەت، دىئابېت، سەپراۋى ئىسھال قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سوئال ھار

تەركىبى: بادام مېغىزى، ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى 24 گرام، كەتىرا 18 گرام، رۇم بەدىيان 18 گرام، رۇبىسۇس 6 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ

ھەمدە بەدىيان سۇيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** تومۇرلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكلىرى يەنى يۆتەل، زۇكام، نەپەس سىقىلىش، كۆكرەك ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سوئال بارد

**تەركىبى:** بادام مېغىزى، تۇخۇمى تەررە (تەرخەمەك ئۇرۇقى)، نىشاستە، سەمغى ئەرەبى، كۆكنار شاكىلى، تۇخۇمى خەشخاش ھەربىرى 12 گرامدىن، رۇببىسۇس 24 گرام، ناۋات 24 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بەدىيان سۇيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، تومۇرلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، نەزلە، زۇكام، دەم سىقىلىش، ئۆپكە ۋە كۆكرەككە قۇرۇقلۇق يېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، 3 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سوئال كەبىرى

تەركىبى: رۇبىبسۇس، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، بىنەپشە، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سەرپىستان، كۆكنار ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گىرامدىن، ئەپيۇن 3 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى چىقىرىلىدۇ. قالغان دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بېھى لوئابىدا يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، يەنى نەزلە، زۇكام، نەپەس يولى ياللۇغى، ھۆتۈش، نەپەس سىقىلىش، يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: بۇ مۇجەررەپ نۇسخا بولۇپ كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى نارمىشكى

تەركىبى: مەستىكى، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، دارچىن، مەھمۇدى، پىلپىل، نارمىشكى ھەربىرى 3 گىرامدىن، پىنىنە قىيامى 24 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ پىننە قىيامى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى چىقىرىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: يەل قۇلىنجى، قورساق ئېسىلىش،. ئىچى سۈرۈلۈش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىشىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 داندىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى گىل ئەرمىنى

تەركىبى: گىلى ئەرمىنى، بۇغا مۈڭگۈزى، كەتىرا، رۇببىسۇس، تاباشىر ھەربىرى 9 گرامدىن، سەمغى ئەرەبى، خۇنسىياۋشان ھەربىرى 6 گرامدىن، نىشاستە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن، ئەنجىبار، رۇببىسۇس ھەربىرى 15 گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى 15گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى ئېلىنىدۇ. قالغان دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىدا يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يۆتەل توختىتىش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: قان تۈكۈرۈش، يۆتەل بىلەن ھۆ كېلىش،

دەم سىقىلىش، ئاستا خاراكتېرلىك ئۆپكە، نەپەس يولى ياللۇغى، ئىچى سۈرۈش، ئۆپكە جاراھىتى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى مەزكور

**تەركىبى:** مەرۋايىت 6 گرام، سەدەپ 5 گرام، قىزىل ھېقىق 3 گرام، لاجۇۋەرد 3 گرام، نارجىل 2 گرام، زەپەر 2 گرام، ئالتۇن ۋەرەق 2 دانە، پارپا 6 گرام، قىزىل ياقۇت 3 گرام، كۆك ياقۇت 3 گرام، پىروزە 30 گرام، كۈمۈش ۋەرەق 3 دانە، ئىپار 1 گرام، ئەنبەر 1 گرام، ئەرەقى گاۋزىبان مۇۋاپىق مىقداردا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى مەدەن دورىلار قىزدۇرۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ. ئىپار، ئەنبەر، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەر بىلەن ئەرەقىدىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بارلىق دورىلارنىڭ تالقىنى بىرگە ئېلەشتۇرۇلۇپ ئەرەقى گاۋزىبان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش، مېڭە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك قان تومۇرلىرىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، يۈرەك سوقۇش تېزلەپ كېتىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، باش قېيىش، يۈرەك قان تومۇر قېتىش، نەپەس

قىستاش، يۆرەك مۆجۈپ ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى لاجۇۋەرد

**تەركىبى:** رۇبىسۇس، كەتىرا، مەھمۇدى، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، بەلىلە پوستى ھەربىرى 30 گرامدىن، ئەفتىمون، لاجۇۋەرد ھەربىرى 60 گرامدىن، ھەسەل مۇۋاپىق مىقداردا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەلدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نېرۋا ئاجىزلىقى، مېڭە ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىيا، جىنسىي ئاجىزلىق، بالىياتقۇ چىقۇقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سەكبىنەچ

**تەركىبى:** سەبرى، سەكبىنەچ، مۇقەل، غارىقۇن ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ھەزىمنى ياخشىلاش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يەل قولىنجى، مەيدە ئاغرىش، ئاشقازان خاراكتېرلىك يۇرەك ھەرىكىتى تېزلەپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىشىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى رەۋەن

**تەركىبى:** رەۋەن چىنى 9 گرام، غارىقۇن 18 گرام، تۇربۇت 36 گرام، زىراۋەندە، مۇدەھرەج 6 گرام، مۇقەل 9 گرام، رۇم بەدىيان 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەدەندىكى ئارتۇق خۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قەۋزىيەتلىك، جىگەر مەنبەلىك، قورساققا سۇ چۈشۈش، يۈرەك مەنبەلىك قورساققا سۇ چۈشۈش، جىگەر مەنبەلىك يەر قان، ئومۇمىي بەدەن ئىششىش ۋە قورساققا سۇ چۈشۈشلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سەبرە

**تەركىبى:** زەنجىۋىل، سانا، تەرەنجىبىن، پوستى ھېلىلە زەرد، ھېلىلە سىياھ، گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، بەدىيان، رۇم بەدىيان، تۇخۇمى كەرەپشە، رەۋەنچىنى، قەلەمپۇر، دارچىن، نەمەك ھىندى ھەربىرى 6 گرامدىن، سەبرى 60 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قاننى نورماللاشتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** مەيدە ئاغرىش، قورساق ئېسىلىش، قەۋزىيەتلىك ئىچكى، تاشقى ئەزالاردىكى تورلۇك سۇلۇق ئىششىقلار، جىگەر، قان توسۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 8 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئۇستىقۇددۇس

**تەركىبى:** قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلە، بەلىلە پوستى، ئامىلە قېقى ھەربىرى 21 گرامدىن، ئۇستىقۇددۇس 7 گرام، ئەفتىمۇن 7 گرام، بىستىپايەچ 7 گرام، تۇربۇت 7 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، نورمالسىز سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك زەئىپلىكى، نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك چالاڭغۇراش، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، سەرئى، سەرسام قاتارلىقلارنى سەۋدا ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئۇستقۇدۇس قادىرى

**تەركىبى:** پوستى ھېلىلە زەرد، پوستى ھېلىلە كابىلە، ئۇستقۇدۇس ھەربىرى 15 گرامدىن، تۇربۇت، سەبرى ھەربىرى 18 گرامدىن، غارىقۇن، ئەفتىمۇن، بىستىپايەچ 9 گرام، مەستىكى 6 گرام، پىننە 2 گرام، خەربەق سىياھ 2 گرام، قەلەمپۇر 2 گرام، دانىكار 2 گرام، شەھمەنزەل 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان، سەپرا، سەۋدادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، نېرۋىنى ياخشىلاش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** تۆت خىل خىلىتتىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، سەرئى، سەرسام، مالىخولىيا قاتارلىقلارنى داۋالاشتا مېڭىنى تەنقىيە قىلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئەفتىمۇن

**تەركىبى:** ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، ئامىلە، قىزىلگۈل، ئۇستىقۇدۇس، سانا، لاجۇۋەرد ھەربىرى 7 گرامدىن، غارىقۇن 18 گرام، ئەفتىمۇن 30 گرام، بادام يېغى 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ياغ ۋە بەدىيان سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مالىخولىيا، سەرئى، سەرسام، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقلىرى، سەۋدا، سەپرادىن بولغان مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5

دانىدىن 9 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى پەرپىيوْن

**تەركىبى:** پەرپىيوْن، موْقەل، غارىقوْن، سەكبىنەچ، شەھمەنزەل ھەربىرى 30 گرامدىن، سەبرى 60 گرام، كوْدە سوْيى موْۋاپىق مىقداردا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە كوْدە سوْيى بىلەن يوْغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** 3 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش، قاننى قىزىتىش، قاندىكى ماينى يەنى سەۋدا بەلغەمنى ئېرىتىپ چىقىرىش، قان تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، ئىستىرخا، بەدەن، بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قوللار تېلىپ ئاغرىش، سۇلۇق ئىششىقلارنى، ئومۇمەن سوغۇقتىن بولغان ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كوْندە 1 قېتىمدىن 2 قېتىمغىچە، 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى بەر يوما

**تەركىبى:** سەبرى، توْربوْت ھەربىرى 4 گرامدىن، پوستى ھېلىلە زەرد، بوزىدان، سۆرۈنجان مىسرى ھەربىرى 6 گرامدىن، روْم بەديان، مەھموْدى، موْقەل ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ
ھەمدە كۈدە سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىچىنى بوشىتىش، نورمالسىز بەلغەم، سەۋدا خىلىتىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەل ئاغرىقلىرى، مۈپاسىل، نىقرەس، ئىرقىننىسا، يانپاش ئاغرىقلىرى، بەل ئاغرىقلىرى، قەۋزىيەتنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى مۇشكىل كۇشاد

**تەركىبى:** ئاقىرقەرھا، جۆزبۇۋا، بەسباسە، قەلەمپۇر، دارچىن، ئادراسمان ئۇرۇقى، قارا كۈنجۈت، ئەفتىمۇن 6 گرامدىن، ھەسەل 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، دەم سىقىلىش، نەپەس يولى ياللۇغى، سۈرئىتى ئىنزال، مەنىي تېز كېتىش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سالاجىت

**تەركىبى:** موميا، سالاجىت ھەربىرى 90 گرامدىن، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 90 گرام، تۇخۇمى خەشخاش 30 گرام، بەزرۇلبەنجى 7 گرام، ۋاڭ ئۇرۇقى 7 گرام، ئاقىرقەرھا 30 گرام، قەلەمپۇر 15 گرام، زەپەر 9 گرام، رۇم بەدىيان 9 گرام، ئەنجىبار 15 گرام، خىنىگۈلى 30 گرامدىن، تەمرى ھىندى ئۇرۇقى 45 گرام، قىزىلگۈل چېچىكى 30 گرام، جۆز، كاۋاۋىچىن، تاباشىر، مەستىكى رۇمى، كۈندۈر، كەتىرا ھەربىرى 30 گرامدىن، ئەپيۇن 9 گرام، موزا 30 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمغاقسۈت قۇرۇق قورۇلىدۇ. سالاجىت كۈشتە قىلىنىدۇ. زەپەر، ئەپيۇن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلارمۇ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەم ھەسەل سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ بەدەننى قىزىتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەنىي تېز كېتىش، سۈرئىتى ئىنزال، جىنسىي ئاجىزلىق، ئاياللاردىكى ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، 2 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى سىل

تەركىبى: نىشاستە، توخۇمى خەشخاش، رۇبىبسۇس، بىھى ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن، بادام مېغىزى، شېكەر ھەربىرى 30 گرامدىن، كەتىرا، قاراشېكەر، نىشاستە ھەربىرى 9 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بادام مېغىزى يىلىمان سۇغا چىلىنىپ، پوستىدىن ئايرىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بىھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. قۇرۇتۇلغان بادام مېغىزى بىلەن باشقا دورىلار بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىھى لوئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: نورمالسىز سەپرا خىلتىدىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكى يەنى يۆتەل، زۇكام، نەزلە، دەم سىقىلىش، ئۆپكە جاراھىتى، قان تۈكۈرۈش، كاما شەكىللىك ئۆپكە سىلى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى زىراۋەندى

تەركىبى: پەرپىيۇن، غارىقۇن، زىراۋەندە، مۇقەل،

ئەنجۈر مونىكى ھەربىرى 9 گرامدىن، رەۋەن 12 گرام، تۇربۇت 6 گرام، بادام يېغى 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە پىياز سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىششىق تارقىتىش، جىگەر، يۈرەك، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىگەر زەئىپلىكى، يەرقان، ئىستىسقا، ئۆپكە، يۈرەك زەئىپلىكى، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى تۇرلۇك سۇلۇق ئىششىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 دانىدىن 15 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى بۇزورى

**تەركىبى:** ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، سېمىز ئوت كۆكى (سېمىز ئوت ئۇرۇقى) ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكى، سۈيدۈك يولى جاراھەتلىرى، سۈيدۈك ئېچىشىپ، كۆيۈشۈپ كېلىش، سىزلام قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 دانىدىن 13 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئىسھال

**تەركىبى:** ئانار ئۇرۇقى 15 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سۇماق ھەربىرى 30 گرام، موزا 60 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قورۇلۇپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە 3 دانە تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان سەپراۋى ئىسھال، قورساق مۇجۇپ ئاغرىش، قان تولغاق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى پىلپىل

تەركىبى: رۇببىسۇس، پىلپىل، قارىمۇچ ھەربىرى 30 گرامدىن، بادام مېغىزى، چىلغوزا، سەمغى ئەرەبى، نىشاستە ھەربىرى 9 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەمدە قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: تۇسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، بەلغەمنى بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: دەم سىقىلىش، يۆتەل، نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، بەلغەمى ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، 3 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى شېكەر تىيغال

تەركىبى: قاراشېكەر، نىشاستە، كەتىرا، خەشخاش ئۇرۇقى، رۇببىسۇس، بېھى ئۇرۇقى، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى 12 گرامدىن، بادام مېغىزى 30 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، قارا شېكەردىن باشقا دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، قاراشېكەر ئېرىتىلىپ بىرلەشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، ئۆپكە سىلى، سوغۇقتىن بولغان ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# سۇفۇپ دورىلار

سۇفۇپ (تالقان) دورىلار — بىر ياكى بىرقانچە خىل دورىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قۇرۇق ھالەتتىكى يۇمشاق دورا ياسالمىسى بولۇپ، ئۇنى ئىچىشكە ياكى سىرتتىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

سۇفۇپ دورىلارنى ياساش ئۇسۇلى ئاددىي، مىقدارىنى ئىگىلەش ئاسان، داۋالاش ئۈنۈمى تېز، ساقلاش، يۆتكەشكە قولايلىق.

سۇفۇپ دورىلار ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان سۇفۇپ ياسالمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۇفۇپلارنى تەييارلاشتا سۇفۇپ تەركىبىدىكى يەككە دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بەزىلىرىگە قەنت ۋە شېكەر سوقۇلغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالەتتە قوشۇلىدۇ. بىراق، نەمدىگۈچى سۈيۇقلۇقلار ياكى ھەسەل، قىيام قاتارلىقلار قوشۇلمايدۇ.

سۇفۇپ دورىلار — تەركىبىدىكى دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننى ياخشىلاش، تاماق ھەزىم قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، ئىچىنى توختىتىش، مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تىزگىنلەش قاتارلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

سۇفۇپلار ياسالغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ئايغىچە

قۇۋۋىتىنى يوقاتمايدۇ. بىر ئايدىن كېيىن ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ.

## سۇفۇپى ئەنزىرۇت

**تەركىبى:** ئەنزىرۇت، كۇندۇر ھەربىرى 6 گرامدىن، مۇرمەككى 3 گرام، ئانارگۈلى 9 گرام، گىلى ئەرمىنى 2 گرام، قىزىلگۈل 5 گرام، كۆپۈكى دەريا، كەت ھىندى، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە پوستى، ئامىلە قېقى، بىخ مارجان، بۇزوغا ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** جاراھەت پۈتتۈرۈش، قۇرۇتۇش، قورۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئېغىز يارىسى، تۈرلۈك يىرىڭلىق جاراھەتلەر، چىش ۋە چىش مىلىكى ياللۇغى، قاناش، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، قولتۇق، ئېغىز پۇراش، بوۋاقلاردىكى قولتۇق، يىرىق ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ قويۇلىدۇ.

## سۇفۇپى لىسان

**تەركىبى:** سىيادان، نۆشۇدۇر، زەنجىۋىل، قەردمانا، پىلپىل، ئاق قىچا، توغرىغۇ، يالپۇز، نەمەك ھىندى، ئاقىرقەرھا، قىزىل پىياز سۇيى ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلار ئېچىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قان تومۇر توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، بالىلاردىكى تىل ئېغىرلىقى، تىل پالەچلىرى، قان قويۇلۇشتىن بولغان پالەچ، لەقۋا، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** مۇۋاپىق مىقداردا كۈندە 3 ـ 4 قېتىم تىل ئاستىغا سېلىپ شۈمىسىمۇ ياكى بىۋاستە ئىستېمال قىلىسىمۇ بولىدۇ.

## سۇفۇپى سۆرۈنجان I

**تەركىبى:** سۆرۈنجان مىسرى 120 گرام، سانا 60 گرام، پوستى ھېلىلە زەرد 67 گرام، بادام مېغىزى 36 گرام، مەھمۇدى 12 گرام، تۇربۇت 60 گرام، قاراشېكەر 360 گرام، زەپەر 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مۇپاسىل، نىقرەس، ئىرقىنىنسا، يانپاش ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قولنىڭ پەيلىرى يىغىلىپ ئاغرىش، سوغۇق يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئومۇمەن پۇت ـ قول ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى سۆرۈنجان Ⅱ

**تەركىبى:** سۆرۈنجان 21 گرام، قىزىلگۈل، سانا ھەربىرى 15 گرامدىن، پوستى ھېلىلە زەرد 6 گرام، تۇربۇت 24 گرام، بادام مېغىزى 6 گرام، مەستىكى 6 گرام، رۇببىسۇس، زەپەر ھەربىرى 6 گرامدىن، بەلىلە پوستى 24 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، ئىچىنى بوشىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان تۇرلۇك قان تومۇر توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، مۇپاسىل، ئىرقىنىنسا، نىقرەس، يانپاش ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قول بوغۇم ئىششىقلىرى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5

گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۆفۇپى سۆرۈنجان Ⅲ

**تەركىبى:** سۆرۈنجان، بوزىدان، ھېلىلە زەرد پوستى، كاسىنە ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، تۆخۈمى تەررە، خەشخاش ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، زىغىر، شەترەنجى ھىندى ھەربىرى 15 گرامدىن، شېكەر 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ئاغرىق پەسەيتىش (ئىسسىقتىن، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان)، يەل ھەيدەش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغانچوڭ - كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچى نېرۋىلار، ئولتۇرغۇچى نېرۋىلار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بوغۇم ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۆفۇپى خەشخاش

**تەركىبى:** كۆكنار ئۇرۇقى 15 گرام، سەمغى ئەرەبى 6 گرام، نىشاستە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كەتىرا، ھەمشىباھاز ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، تاباشىر 3 گرام، بېھى ئۇرۇقى

6 گرام، روبىسۇس 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان نەپەس يول ياللۇغى، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، سىل جاراھىتى، تۈبېركۇليوز خاراكتېرلىك، كامار خاراكتېرلىك ئۆپكە سىل كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى چۆبچىن

**تەركىبى:** قىزىل چۆبچىن 90 گرام، بادام مېغىزى 21 گرام، سۇمبۇل، سۆرۈنجان، ئۇستقۇدۇس، ئەفتىمۇن، قىزىلگۈل، سانا ھەربىرى 30 گرامدىن، كەت ھىندى، زەرچىۋە، كۆپۈكى دەريا 9 گرامدىن، قىزىل شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل

ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: ھەر تۈرلۈك جاراھەت، ئۆلۈك يەل، مۇپاسىل، نىقرەس، ئېرقىننىسا، بالىياتقۇ جاراھەتلىرى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، گال ئاغرىقلىرى، سەپرادىن بولغان ئاغرىقلارنى توختىتىش، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى نانخۇا

تەركىبى: نانخۇا (جۇۋنە)، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 120 گرامدىن، قاراشېكەر 250 گرام.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاماق سىڭدۈرۈش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان ھەرخىل ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى، يەنى ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، قورساق ئېسىلىش، ئاشقازان ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، كۆز تورلىشىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 7

گرامدىن بېرىلىدۇ.

## سۇفۇپى شورا

تەركىبى: گىلى ئەرمىنى، زەمچە ھەربىرى 120 گرام، قىزىل شېكەر 60 گرام، ناۋات 120 گرامدىن.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، شورا پىشۇرۇلۇپ، لايىقلاشتۇرۇپ، قالغان دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ئىسسىق.
تەسىرى: سىزلام (سۆزنەك)، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش، بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك يولى راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى بوۋاسىر

تەركىبى: بالەنگۇ، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى 30 گرامدىن، ئاق لەيلىگۈلى، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، قاراشېكەر 150 گرام، مەستىكى، كەتىرا، بۇغا مۈڭگۈزى ھەربىرى 30 گرامدىن.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋان قىلىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئىسھالنى توختىتىش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان ئۆپكە ياللۇغــــى، نەپەس يولى ياللۇغى، يۆتەل، قان تولغاق، ئىسھال، قورساق ئاغرىش، ھۆ تۆتۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى جاراھەت

**تەركىـــــبى:** موزا، ئانارگۈلـــى، ھەببۇلئاس، باش سۆڭەكنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنـــــپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئۈپپـــــدەك يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قۇرۇتۇش، قۇرۇش، تۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىچكى، تاشقى ئەزالاردىكى ھەرخىـــــل قاناشلىق ۋە جاراھەتلىك كېسەللىكلەر يەنى بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، مەقئەت، قۇلاق جاراھەتلىرى، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھەرخىل جاراھەتلىك ياكى قاناشلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا يەرلىك ئورۇنغا تېشىدىن مۇۋاپىــق مىقداردا سېپىلىدۇ.

## سۇفۇپى ئەنجىباھار

**تەركىبى:** سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، كەتىرا، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، قوغچاق يوتقىنى ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، ئانارگۈلى، ھەببۇلئاس ھەربىرى 5 گرامدىن، ئەنجىبار 30 گرام، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل ھەربىرى 15 گرام، قاراشېكەر 150 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قاننى قويۇلدۇرۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىسھالنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق سەپرادىن بولغان قان سۈيۈلۈپ كېتىش، سەيلانى رەھمى، قانلىق بوۋاسىر، ئۆپكە كېسەللىكى، قان تۈكۈرۈش، بۇرۇن قاناش، خۇن تەۋرەپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى بۇزۇرى

**تەركىبى:** بەزرۇلبەنجى 6 گرام، كەتىرا، رۇببىسۇس، نىشاستە ھەربىرى 9 گرامدىن، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى ھەربىرى 30 گرامدىن، تاۋۇز مېغىزى 90 گرام، شېكەر 27 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن

ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.
**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش چۈشۈرۈش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** سىزلام، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش، مەزى بېزى ياللۇغى، بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچە گۈلبىنەپشە سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى مامىرانچىن

**تەركىبى:** مامىرانچىن، رەۋەنچىن ھەربىرى 3 گرامدىن، ئەينۇلا گۈلى، تاباشىر، تەرخەمەك ئۇرۇقى، گۈڭگۈرت يېغى ھەربىرى 6 گرامدىن، سەمغى ئەرەبى، خەشخاش ئۇرۇقى، تۇخۇمى خىرفە ھەربىرى 15 گرامدىن، كۈنجۈت 20 گرام، زىخ پوستى 21 گرام، شېكەر 6 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك، دوۋساق جاراھەتلىرى، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش، قىچىشىش، قان سىيىش ۋە باشقا

جاراھەتلەردىن كەلگەن قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرام كالا سۈتى، قوغۇن مېغىزى سۈيى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى سەنگى مەسانە

**تەركىبى:** شورا، زەمچە (پىشۇرۇلغان)، گىلى ئەرمىنى، رەۋەنچىن، چارمىغ (ئوغرىتىكەن) ھەربىرى 12 گرامدىن، ناۋات ياكى قاراشېكەر 120 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، زەمچە بىلەن شورىنى قىزدۇرۇلۇپ لايىقلاشتۇرغاندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** سوغۇق.
**تەسىرى:** سۈيدۈك يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاشلارنى ئېرىتىپ چىقىرىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى سەرتان كەبىرى

**تەركىبى:** سەرتان 6 گرام، سەمغى ئەرەبى، ئاق خەشخاش، ئاقلەيلى ئۇرۇقى، تۇخۇمى خىبازى (ھەمشىباھار ئۇرۇقى)، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەربىرى 18 گرامدىن، ئاق سەندەل، تاباشىر، قىزىلگۈل، چارمىخ (ئوغرىتىكەن)،

سېمىزئوت ئۇرۇقى، توخۇمى كەرەپشە ھەربىرى 15 گرامدىن، گىلى ئەرمىنى، گىلى مەختۇم، لىسانول ئاساپىر ھەربىرى 12 گرامدىن، زەپەر 3 گرام، قاراشېكەر 120 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق ئۇپىدەك سوقۇلۇپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** تىوسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بوۋاسىر، تەپ، جىگەر ئىششىقى، قان تۈكۈرۈش، يۆتەل، ئۆپكە سىلى، نەپەس قىيىنلىشىش، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، سۈيدۈك ئېچىشىپ، كۆيۈشۈپ كېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى قورۇھى رەھمى

**تەركىبى:** قوغۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، خەشخاش، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى 24 گرامدىن، نىشاستە، كەتىرا، رۇبىسۇس ھەربىرى 6 گرامدىن، سانا، سەرسىبىل ھەربىرى 5 گرام، پىنىنە 1.5 گرام، شاھتەررە، زەرچىۋە، خېنە ھەربىرى 30 گرامدىن، قاراشېكەر 200 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سىلان رەھمى، بالىياتقۇ چىقۇقى، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش، جىنسىي يول ياللۇغى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## سۇفۇپى سەرتان

**تەركىبى:** سەرتان 30 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، كاسىنە ئۇرۇقى، گىلى مەختۇم، گىلى ئەرمىنى، ئەنجىبار ھىندى، خەشخاش ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 12گرامدىن، گۈلسۇرۇخ (قىزىلگۈل) 9 گرام، ناۋات 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە سىلىدىن بولغان يۆتەل، قىزىش، تەرلەش، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى سۇنۇن

**تەركىبى:** ئاچچىق ئانار، تاتلىق ئانار پوستى ھەربىرى 90

گرامدىن، موزا، ئانارگۈلى، زەمچە، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 30 گرامدىن، سۇماق 15 گرامدىن، نەمەك ھىندى، نۈشۈدۈر ھەربىرى 15 گرامدىن، نىشاستە، قىزىلگۈل، خەرنۇپ ھەربىرى 9 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، زەمچە ئوچۇق قىزدۇرۇلۇپ، كۇشتە قىلىنىپ لايىقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** چىش ئاغرىقلىرى، گال ئاغرىقلىرى، ئېغىز، گال ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى مىدىراش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سىرتىدىن ھەم ئىچىدىن 5 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى قەمىل

**تەركىبى:** بەرەنگى كابىلى، قىزىل قەنبىل، پوستى ھېلىلە زەرد، ئامىلە ھەربىرى 15 گرامدىن، تۇربۇت 9 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش ۋە چىش چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئۆچەيدىكى مەددە قۇرت، يىلان، جىگەردىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن 10 گرامغىچىلىك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى زىيابىتۇس

**تەركىبى:** تۇخۇمى خىرفە 40 گرام، لىسانىلئاساپىر 60 گرام، ئىزخىر 100 گرام، كەت ھىندى 60 گرام، شاقاقۇل 100 گرام، زىيخ 200 گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى 60 گرام، قىزىلگۈل 60 گرام، قىزىل چۆپچىن 40 گرام، بىنەپشە 40 گرام، نىلۇپەر 40 گرام، تىنىم خەشخاش 80 گرام، تۇخۇمى كاسىنە 60 گرام، تۇخۇمى تەررە 60 گرام، موزا 20 گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 400 گرام، بادام مېغىزى 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈك يولىدىكى ئېچىشىشنى پەسەيتىش، قان تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى ۋە سۈيدۈكتىكى ئاقسىلنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆپ ئۇسساش، سۈيدۈك ئېچىشىش، كۆيۈشۈپ كېلىش، بۆرەك جامى ياللۇغى، دىئابېت كېسەللىكى (ئىسسىقتىن بولغان)، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ئەتىگەن، چۈشتە

10 گرامدىن، كەچتە 13 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 90%.

## سۇفۇپى بىخ مارجان

**تەركىبى:** موزا، ھېلىلە، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، قارا ھېلىلە، بىخ مارجان ھەربىرى 30 گرامدىن، قىزىلگۈل 10 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بىخ مارجان ئوچۇق قىزدۇرۇلۇپ كۆشتە قىلىنغاندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** ياللۇغ قايتۇرۇش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** چىش مىلكى ياللۇغى، چىش تۈۋى قاناش، ئېغىز ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، جىنسىي يول ياللۇغى، ئاۋازنىڭ ئىسسىقتىن پۇتۇپ قېلىشى، گال ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىمدىن 8 قېتىمغا قەدەر يەرلىك ئورۇنغا سېپىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىدىن بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

## سۇفۇپى خولىنجان

**تەركىبى:** خولىنجان 15 گرام، ئاقىرقەرھا 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن

ئۈتكۈزۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، جىنسىي ھەۋەسنى قوزغاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان قان تومۇر توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، بۇرۇن ياللۇغى، باشنىڭ ئالدى تەرىپى ئاغرىش، نەزلە، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىمدىن 4 قېتىمغىچە، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا، بۇرۇن ياللۇغى ئۈچۈن بۇرۇنغا تارتىلىدۇ، جىنسىي ئاجىزلىق ئۈچۈن تىل ئاستىغا سىلىنىدۇ.

# شەربەت دورا ياسالمىلىرى

شەربەتلەر — دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزىدىن سىقىپ ئېلىنغان ياكى ئۆسۈملۈك دورىلار قايىنىتىپ چىقىرىلغان سۈيىگە قەنت، شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ قايىنىتىپ تەييارلانغان سۇيۇق ھالەتتىكى دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

شەربەتلەر سۇيۇق دورىلار تۈرىدىكى ياسالما بولۇپ، ئۇ سۇيۇق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يەنى شەربەتلەر تەمى تاتلىق بولۇپ ئىستېمال قىلىش ئوڭاي، قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى، مېۋە سۈيىدە ياسالغانلىرى خېلى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، قاتتىق دورىلارغا قارىغاندا تەسىرى تېز. شۇڭا كۆپ ھاللاردا جىددىي باشلانغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

شەربەتلەرنى تەييارلاشتا — بىر ياكى بىر قانچە خىل دورا ئۆسۈملۈكلەر كۆرسىتىلگەن مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، قاتتىقلىرىنى ئازراق ئېزىۋېتىلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا بىر سوتكا چىلىنىدۇ، ئاندىن مۇلايىم ئوتتا قايىنىتىلىپ دورىنىڭ تەمى سۇغا چىقىرىلىپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قالغاندا دورىلار سىقىپ سۈزۈۋېتىلىپ سۈيىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردا شېكەر سېلىنىپ، يەنە مۇلايىم ئوتتا قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ. قىيامنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى ياكى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەن قىلىۋەتمەي مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

شەربەت دورىلار تەركىبىدىكى يەككە دورىلاردىن يىلتىزلار يۇمشاق سوقۇلىدۇ. ئۇرۇقلار يىرىك سوقۇلىدۇ، مېۋە، گۈل،

يوپۇرماقلار، سوقۇلمايدۇ. شەربەت تەركىبىدىكى ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن زەپەر، ئىپار قاتارلىقلار. يېلىم دورىلاردىن مەستىكى، كۇندۇر، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنى ئۇسۇلدا قايناتقىلى بولمايدۇ. مەلۇم خىمىيلىك تەركىبلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان دورىلاردىن رەۋەن، سەبرى، سوقمۇنىيا قاتارلىق دورىلار قايناتقىلى بولمايدۇ. باشقا قايناتقىشقا تېگىشلىك دورىلار قايناتىلىپ تەمى چىقىرىۋېلىنغاندىن كېيىن، سۈزۈلگەن سۈيىگە يۇقىرىقى دورىلارنىڭ يۇمشاق سوقۇلغان تالقىنى سېلىنىپ ئېرىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

شەربەتلەر — سۈيۈق دورىلار ئىچىدىكى نىسبەتەن تۇراقلىق ياسالما بولۇپ، تەلەپ بويىچە تەييارلانغان شەربەتلەرنى بىر يىل تولۇق ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## شەربىتى ئەينۇلا

**تەركىبى:** نىلۇپەر 15 گرام، بىنەپشە 15 گرام، ئەينۇلا 60 گرام، چىلان 30 گرام، شېكەر 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، شېكەردىن باشقا دورىلار بىرقاچىغا سېلىنىپ قاچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىچىلىك قىسمىغا سۇ قۇيۇلۇپ بىر سائەت چىلىنىلغاندىن كېيىن مۇلايىم ئوتتا 5 مىنۇت قايناتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر سېلىنىپ يەنە بىر ئاز قايناتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قاننى سوۋۇتۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، زۇكام،

نەزلە، باش ئاغرىقى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، ئۆتكۈر قىزىتما، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 150 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى زۇپا I

**تەركىبى:** زۇپا ھىندى 9 گرام، پىرسىياۋشان، بىخ سەۋسەن، پوستى خەشخاش ھەربىرى 9 گرامدىن، نىلۇپەر، ئىسپىغۇل 6 گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 5 گرامدىن، ئەنبەر 10 گرام، ئاق شېكەر 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ، ئىسپىغۇلنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. شېكەردىن باشقا دورىلار سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ 30 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈلگەندىن كېيىن، دورا سۇيۇقلۇقىغا ئىسپىغۇل لوئابى ۋە شېكەر قوشۇلۇپ مۇلايىم ئوتتا بىر ئاز قاينىتىلىدۇ ھەمدە سالايە قىلىنغان ئەنبەر تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، زۇكام، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، بەلغەم قىيىندا چىقىش، نەزلە، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىسسىق پېتى ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى زۇپا II

تەركىبى: پوستى ھېلىلەزەرد، زۇپا ھىندى ھەربىرى 15 گرامدىن، زىراۋەندە، پەرسىياۋشان، تۆخۈمى كەرەپشە، پوستى بىخ كەبىر، بەدىيان ھەربىرى 9 گرامدىن، ئەنجۈر قېقى، كۆدە ئۆرۈقى ھەربىرى 9 گرامدىن، ناۋات 500 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چالا سوقۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلىنىپ قايناتىلغاندىن كېيىن سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا ناۋات سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: نەپەس يولى ياللۇغى، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، زۇكام، نەزلە، باش ئاغرىقى، كۆكرەك، ئۆپكە ياللۇغى، نەپەس قىيىنلىشىش، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى چار تۆخۈم I

تەركىبى: تۆخۈمى كاسىنە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، دارچىن، شۈمشا ھەربىرى 7 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز چالا

سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك يولى ياللۇغى، بۆرەك ياللۇغى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، مەزى بېزى ياللۇغى، سىزلام، سۈيدۈك خالتا ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى چار تۇخۇم Ⅱ

**تەركىبى:** تۇخۇمى تەررە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، كۆكنار ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، ئىسپىغۇل، بىخ بىنەپشە، يەرلىك شوخلا ھەربىرى 3 گرامدىن، شېكەر 150 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئىسپىغۇلنىڭ لوئابى ئېلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ 6 سائەت سۇغا چىلىنىپ، قاينىتىلغاندىن كېيىن سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا ئىسپىغۇل لوئابى، شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ پەس ئوت بىلەن يەنە بىرئاز ۋاقىت قاينىتىلىپ قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، چۇشۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سىزلام، سۈيدۈك ئېچىشىپ، كۆيۈشۈپ كېلىش، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى چۇشۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى دىنار I

تەركىبى: تۇخۇمى كاسىنە 54 گرام، قىزىلگۈل 54 گرام، تۇخۇمى كوشوش 21 گرام، بىخ كاسىنە 75 گرام، نىلۇپەر 30 گرام، رەۋەنچىنى 15 گرام، ئاق شېكەر 100 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، رەۋەن ئايرىم تالقانلىنىدۇ، تۇخۇمى كاسىنە بىلەن بىخ كاسىنە بىر ئاز چالا سوقۇلغاندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىپ، ئۈستىگە 1 كىلوگرام سۇ قۇيۇلۇپ 10 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ. تەمى چىققاندا 15 مىنۇت قاينىتىلىپ، پىسەپلىرى سۈزۈلگەندىن كېيىن، دورا سۈيۈقلۇقىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، 3 ـ 5 مىنۇتقىچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەۋەن تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما قايتۇرۇش، قان سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش

تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپراۋى قىزىتمىلار، جىگەر ئىششىقلىرى، باش ئاغرىقى، كۆڭلى ئاينىش، ئۆت ئىششىقلىرى، قەۋزىيەتنى ، سۈيدۈك راۋان بولماسلىقنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى دىنار Ⅱ

**تەركىبى:** تۇخۇمى كاسىنە 51 گرام، قىزىلگۈل 51 گرام، يىلتىز كاسىنە 45 گرام، تۇخۇمى كۈشۈش 21 گرام، گاۋزىبان 15 گرام، ئۇستقۇدۇس 15 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 15 گرام، نېلۇپەر 30 گرام، رەۋەنچىنى 15 گرام، بېدىمىشكى 15 گرام، تۇخۇمى تەررە 15 گرام، شېكەر 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، رەۋەندىن باشقا دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، سۇغا 10 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ، 15 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇستىگە شېكەر سېلىنىپ بىر ئاز قاينىتىلىدۇ، سوۋۇغاندا رەۋەننىڭ سوقۇلغان تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرا، قاندىن بولغان قان تومۇر توسۇلۇش، جىگەر كېسەللىكلىرىدىن بولغان يەرقان، ئۆت

ياللۇغى، قىزىش، سوۋۇش، بۆرەك ئىششىقى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سۆرۈنجان

**تەركىبى:** ساناھ، سۆرۈنجان مىسرى ھەربىرى 21 گرامدىن، ھېلىلە زەرد، ھېلىلە كابىلە، ئامىلە ھەربىرى 15 گرامدىن، بىنەپشە، نىلۇپەر، تۇخۇمى كاسنە، مەستىكى، پىننە ھەربىرى 9 گرامدىن، ئۈششاق ئۈزۈم 30 گرام، قارىئۆرۈك 15 گرام، چىلان 15 گرام، سەرپىستان 15 گرام، پۇنۇس ياكى خىيارشەنبەر 60 گرام، تەرەنجىبىن، قىزىلگۈل ھەربىرى 30 گرام، ئاق شېكەر 200 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى سانا، خىيارشەنبەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 15 سائەت قايناق سۇغا چىلىنىدۇ، مەستىكى ئايرىم تالقانلىنىدۇ. ھېلىلە ئۇچكىسىدىن ئايرىلىدۇ، سۆرۈنجان، كاسنە، ئامىلە، سەرپىستان قاتارلىق دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلغاندىن كېيىن قالغان دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 10 سائەت چىلىنىپ 15 مىنۇت قاينىتىلىپ تەمى چىققاندىن كېيىن ئېلگىرى چىلاپ قويۇلغان دورىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ سۈزۈلۈپ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

تەسىرى: قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ماددىلارنى سۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: مۇپاسىل، نىقرەس ئىششىقلىرى، ئولتۇرغۇچى نېرۋىلار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان قان تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مائۇل ئۇسۇل I

تەركىبى: رۇم بەدىيان، سېرىقچېچەك، جۇۋىنە، قەردىمانە، بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە، تۇخۇمى كەرەپشە، ئىزخىر، بۇغا مۇڭگۈزى، بىخ كەبىر، ھەربىرى 30 گرامدىن، گۈلقەنت ئافتاۋى 140 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن قاينىتىلىدۇ، تەمى چىققاندا دورا پىسىپى سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۈيۈقلۇقىغا گۈلقەنت ئافتاۋى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قاينىتىلىپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان ئېسىلىش، يەل قۇلۇنجى،

باللىياتقۇ ئېششىقى، بادرەھمـــــى، مۇپاسىـــــل، نـــــقرىس، ئۇيقۇسىزلىق، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارنـــى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مائۇل ئۇسۇل II

**تەركىبى:** بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە، بىخ كاسىنە، بىخ سۇس، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 30 گىرامدىن، ئەنجۈر قېقى، كۆك كىشمىش ئۈزۈم، قىزىل گۈلقەنت ھەربىرى 60 گىرامدىن، تۇخۇمى كاسىنە 15 گىرام، بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە كىرمانى ھەر بىرى 15 گىرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يىلتىز، ئۇرۇق دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، قايناق سۇغا 12 سائەت چىلانغاندىن كېيىـــن، قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىـــش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بادرەھمـــى، ئاق خۇن كۆپ مېڭىـــپ كېتىش، بەل ئاغرىش، قىزىش، سوۋۇش، سوغۇق سەۋدادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، مۇپاسىل، پۇت ـ قول ئاغرىش، يەل كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مائۇل ئۇسۇل Ⅲ

**تەركىبى:** قۇرۇق كىشمىش ئۈزۈم 120 گرام، بىخ بەدىيان 90 گرام، بىخ كەرەپشە 90 گرام، بىخ كاسنىە 90 گرام، ئەنجۈر قېقى 60 گرام، بەدىيان رەسىمى 60 گرام، تۇخۇمى كاسنىە 60 گرام، بىخ كەبىر 45 گرام، ئىزخىر 30 گرام، سۈمبۇل 30 گرام، سەلىخە 30 گرام، دارچىن 30 گرام، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ ھەربىرى 6 گرامدىن، گۈلسۇرۇخ 6 گرام، بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان ھەربىرى 6 گرامدىن، ناۋات 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، زەھەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان ئۇرۇق، يىلتىز دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ سۇغا 8 سائەت چىلىنىدۇ، 15 مىنۇت قاينىتىلىپ پىسىپى سۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۈستىگە ناۋات سېلىنىدۇ، بىرئاز قايناتقاندىن كېيىن، ئوت توختىلىدۇ. سوۋۇغاندا زەھەر تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** يۈرەك، جىگەر، بالىياتقۇنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، يەل تارقىتىش، نورمالسىز خىلىتلارنى تازىلاپ چىقىرىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە، يۈرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىستىسقا، B تىپلىق جىگەر ياللۇغى، جىگەر ئىششىقى، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، بەدەن ئاجىزلىق، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن

بولغان يالللۇغلىنىشى، پالەچ، لەقۋا، رەئىــــشە قاتارلىـــق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 60 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى جۇلاپ

**تەركىبى:** سانا 21 گرام، بىنەپشە، نىلۇپەر، يەرلىك شوخلا ھەربىرى 9 گرامدىن، بەدىيان 9 گرام، ئەينۇلا، چىلان ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى ھەربىرى 3 گرامدىن، تەمرى ھىندى 9 گرام، سەرپىستان 3 گرام، ھېلىلە زەرد پوستى 3 گرام، شېكەر 100 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەمرى ھىندى بىلەن سانا ئايرىم قايناق سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. ئۇرۇق، يىلتىز دورىلارنى بىر ئاز ئېزىۋەتكەندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 10 سائەت چىلىنىپ، 10 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈپ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا ئىلگىـرى چىلاپ تاتلىقى ئېلىنغان دورا سۈيــى ئارىلاشتۇرۇلۇپ شېكەر قوشۇلۇپ بىر ئاز قاينىتىلىپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** سوغۇق.
**تەسىرى:** قان، سەپرادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، ھارارەت پەسەيتىش، قان تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، تەرەتنى يۇمشىتىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشــى:** كېزىك، ئۆتكۈر قىـــزىتما، سوغۇق تەرلەش، باش، پۇت - قول ئاغرىش، زۇكام، قەۋزىيــەت،

يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن 150 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەبرىشىم

**تەركىبى:** قىزىلگۈل 30 گرام، گاۋزىبان ھىندى 30 گرامدىن، بادرەنجى بۇيا 90 گرام، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندى ھەربىرى 30 گرام، بەدىيان، رۇم بەدىيان، تۇخۇمى كاسىنە، تۇخۇمى شۇمشا، نىلۇپەر، گۈلبىنەپشە ھەربىرى 9 گرامدىن، ئەبرىشىم (قىرقىلغىنى) 90 گرام، تەرەنجىبىن 120 گرام، شېكەر 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، پىلە غوزىكى 2 كىلوگرام سۇدا 500 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۇيىغە شېكەر سېلىنىپ قىيام قىلىنىدۇ ھەمدە قالغان دورىلارنىڭ سوقۇلغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سەۋدا خىلتىنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان مېڭە، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى، يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، دەم سىقىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 مىللىلىتىردىن 20 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەبرىشىم كەبىرى

**تەركىبى:** پىلە غوزىكى 1 كىلوگرام، گاۋزىبان ئەرەقى 750 مىللىلىتىر، بېدىمىشكى ئەرەقى 750 مىللىلىتىر، شاھتەررە ئەرەقى 750 مىللىلىتىر، ئالما سۈيى 360 مىللىلىتىر، بېھى سۈيى 360 مىللىلىتىر، ئامۇت سۈيى 360 مىللىلىتىر، تاتلىق ئانار سۈيى 360 مىللىلىتىر، مەستىكى رۇمى 3 گرام، سۇمبۇل، جۇزبۇۋا، بەسباسە، زەپەر ھەربىرى 3 گرامدىن، جۆز، قەلەمپۇر، ئۇدھىندى، سازەچ ھىندى ھەربىرى 5 گرامدىن، دارچىن 9 گرام، ھەسەل 1 كىلوگرام، شېكەر 3 كىلوگرام، ئەنبەر 3 گرام، ئىپار 2 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ زەپەر، ئىپار، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. پىلە غوزىكى 3 لىتىر سۇ بىلەن 1000 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، مېۋە سۈيى ۋە ئەرەقلەر شېكەر، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىپ باشقا دورىلارنىڭ سوقۇلغان تالقىنى ۋە سالايە قىلىنغان دورىلار تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ ئەزالار خىزمىتىنى كۈچەيتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكى، دەم سىقىلىش، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك

كېسەللىكى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، سوغۇقتىن بولغان يۆتىلىشى بىسىم قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىمدىن 3 قېتىمغا قەدەر 15—10 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەنجىباھار I

**تەركىبى:** خۇنسىياۋشان 15 گرام، ئانارگۈلى 30گرام، ئەنجىبار 30 گرام، بۇغا مۈڭگۈزى، مارجان ھەربىرى 15 گرامدىن، كەھرىۋا، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئاقاقىيا ھەربىرى 9 گرامدىن، ئىسپىغۇل، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى 3 گرامدىن، ئاق سەندەل، ئۇد ھىندى، مەستىكى رۇمى ھەربىرى 9 گرامدىن، تاباشىر 9 گرام، ئىپار 2 گرام، شېكەر 500 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئىپار ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار چالا سوقۇلۇپ 10 سائەت چىلاشقۇدەك سۇغا چىلىنىپ 15 مىنۇت قاينىتىلىدۇ، پىسەپلىرى سۈزۈلگەندىن كېيى شېكەر سېلىنىپ بىر ئاز قاينىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىپارنىڭ سالايە قىلىنغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.
**تەسىرى:** قان توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش، قۇرۇتۇش، قورۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** سىيلان رەھمى، بۇرۇن قاناش، ئومۇمەن ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىكى ھەرخىل قاناشلىق، جاراھەتلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم 50 لىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەنجىباھار II

**تەركىبى:** ئەنجىبار ھىندى 30 گرام، ئانارگۈلى 15 گرام، ئانار سۈيى 250 گرام، ئۈچكە سۈتى 500 مىللىلىتىر، ناۋات 200 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئەنجىبار چالا سوقۇلۇپ ئانارگۈلى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۈيىگە ئانار سۈيى، ئۈچكە سۈتى ۋە ناۋات ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەنە بەلگىلىك ۋاقىت قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش، قۇرۇتۇش، تونۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكى، يۆتەل، قىزىش، تەرلەش، دەم سىقىلىش، ئۆپكە سىلىدىن بولغان قاناش، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناش، بوۋاسىر قاناش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەفتىمۇن

**تەركىبى:** ئەفتىمۇن، ھېلىلە زەرد پوستى، ئۇستقۇدۇس، كۆك كىشمىش ھەربىرى 90 گرامدىن، بىستىپايەچ 45 گرام، تۇربۇت 36 گرام، سانا 60 گرام، شېكەر 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئەفتىمۇن، سانا ئايرىم چىلىنىدۇ.

قالغان دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ 8 سائەت سۈغا چىلىنىپ، 15 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈيىگە شېكەر سېلىنىدۇ، يەنە بىر ئاز قاينىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى چىلانغان دورىلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تومۇرلارنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدادىن، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، مالىخولىيا، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، سەرگى قان بۇزۇلۇشتىن بولغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم 50 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچنى سۈرۈۋېتىدۇ.

## شەربىتى بۇزۇرى

**تەركىبى:** تۇخۇمى كاسىنە، بەدىيان، قوغۇن ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گىرامدىن، بىخ كاسىنە، غاپەس گۈلى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىخ سۇس، سۇمبۇل، بىنەپشە، گاۋزىبان ھەربىرى 9 گىرامدىن، كىشمىش ئۈزۈم 60 گىرام، شېكەر 500 گىرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، 10 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ، 15 مىنۇت قاينىتىلىپ، پىسۋى سۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇستىگە شېكەر سېلىنىپ قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ھارارەت پەسەيتىش،

ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئۆتكۈر قىزىتما، جىگەر مەنبەلىك، سېرىقلىق چۈشۈش، تال، ئاشقازان، ئۆت خىزمىتىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى، بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 لىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سىركەنجىۋىل ئەفسەنتىن

تەركىبى: ئەمەن ئۇرۇقى 15 گرام، قىزىلگۈل 30 گرام، رۇم بەديان، بەديان، كەرەپشە (ئەفتىمۇن ئۇرۇقى)، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تۇخۇمى تەررە، تۇخۇمى كۈشۈش، سۈمبۈل ھەربىرى 9 گرامدىن، رەۋەنچىنى، تۇربۇت 10 گرام، شېكەر 500 گرام، سىركە 500 لىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، رەۋەندىن باشقا دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ بىر لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلىنىدۇ، تەمى چىققاندا قاينىتىلىپ پىسىپى سۈزۈلۈپ ئۈستىگە شېكەر سېلىنىپ بىر ئاز قاينىتىلىدۇ، ئاخىرىدا رەۋەننىڭ سوقۇلغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىپ ئىچۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىششىق تارقىتىش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇق بەلغەمدىن بولغان قىزىش، تەرلەش، تەپ، پۇت ـ قوللار بوشاپ كېتىش، ئۇيقۇسىزلىق،

بەزگەك، سىل كېسەللىكىنىڭ قىزىتمىلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، 60 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سىركەنجىۋىل سادده

**تەركىبى:** سىركە، شېكەر ھەربىرى 500 گرامدىن، جەۋھىرى لىمون 2 گرام، سۇ بىر كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئۆستىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، شېكەر سۇغا ئېرىتىلىدۇ، سىركە قۇيۇلىدۇ، ئاخىرىدا لىمون سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ھارارەتنى پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان بەدەن ئاجىزلىقى، قىزىش، سوۋۇش، جىگەر، گال توسۇلۇش، جىگەر خىزمىتىنىڭ ناچارلىشىدىن بولغان پۈت - قوللار بوشاپ كېتىش، تەپ تۇتۇۋېلىشنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەينۇلا

**تەركىبى:** ئەينۇلا 120 گرام، تۇخۇمى تەررە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرامدىن، بىنەپشە 9 گرام، شېكەر 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ 10 سائەت چىلىنىدۇ، 10 مىنۇت پەس ئوتتا قاينىتىلىدۇ، دورا پىسىپى سۈزۈلۈپ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر ئاز قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** س وغۇق.

**تەسىرى:** قان تازىلاش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، هارارەت، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** تولا تەرلەش، پۇت - قول بوشاپ كېتىش، ئۆتكۈر قىزىتما، ئۈچەي كېزىكى، قەۋزىيەتلىك، ئۈچەيدىكى قوقاق، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، هەرقېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سەندەل

**تەركىبى:** ئاق سەندەل 60 گرام، گاۋزىبان ئەرەقى 500 لىتىر، قەنت 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سەندەل بىر ئاز چېلانغاندىن كېيىن سوقۇلۇپ، ئەرەقكە 8 سائەت چىلىنىدۇ، 10 مىنۇت قاينىتىلىپ سۈزۈلۈپ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرادىن بولغان يۆرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى، خاپىغان، يۆرەك سوقۇشى تېزلەش، يۆرەك رېتىمسىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، جىگەر كېسەللىكى، قان، سەپراۋى ئىسھال، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 70 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەنسىل

**تەركىبى:** تاغ ئەنسىلى 60 گرام، ئەنجۈر قېقى 90 گرام، رۇم بەديان 21 گرام، بىنەپشە 15 گرام، ئەينۇلا 90 گرام، ئۈششاق ئۈزۈم 90 گرام، شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چالا سوقۇپ، بىر كىلوگرام سۇغا 10 سائەت چىلىنىپ، قاينىتىلىدۇ، پىسىپ سۈزۈلۈپ شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىر ئاز قاينىتىلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان نەپەس يولى ياللۇغى يەنى يۆتەل، زۇكام، نەزلە، ئۆپكە مەنبەلىك يۆرەك كېسەللىكى، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى پەريادىرەس

**تەركىبى:** گاۋزىبان ھىندى 19 گرام، سەندەل سەپىد، پىرسىياۋشان، ئۇد سەلىپ ھەربىرى 18 گرامدىن، رۇببىسۇس، بەدىيان رۇمى، ئاق لەيلى گۈلى، قىزىلگۈل ھەربىرى 9 گرامدىن، ئۇششاق ئۈزۈم 30 گرام، خەشخاش 20 گرام، قىزىل شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چالا سوقۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلىنىپ قاينىتىلىدۇ، سۈزۈلۈپ شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، تۇتقۇچى، توختاتقۇچى، تورمۇزلاش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان نەپەس كېسەللىكى، سىلدىن بولغان يۆتەل، قىزىتىش، تەرلەش، دەم سىقىلىش، ئۆپكە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 لىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى چىلان

**تەركىبى:** چىلان 30 گرام، سەرپىستان 30 گرام، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، بابۇنە ھەربىرى 9 گرامدىن، خىيارشەنبەر 15 گرام، تەرەنجىبىن 30 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ئايرىم

قايناق سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قالغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ 8 سائەت چىلاپ قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا چىلانغان دورا سۇيۇقلۇقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قان تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، قىزىتىش، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، يۆتەل، قان قويۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى يۈرەك

**تەركىبى:** ئۈزۈم 200 گرام، يامغۇر سۈيى 500 مىللىتىر، پىلە 300 گرام، گاۋزىبان 60 گرام، بېدىمىشكى، شاھتەررە، ئالما، ئامۇت، بېھى، ئانار سۈيى 100 مىللىلىتىر، مەستىكى، سۇمبۇل، جۆز، بەسباسە، قەلەمپۇر، ئۈدھىندى، سازەچ ھىندى، تۇرۇنجى ئەقرەبى، بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، زەپەر، ئەنبەر، مەستىكى ھەربىرى 3 گرامدىن، شېكەر 500 گرام، ھەسەل 500 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 9 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئۈزۈم يامغۇر سۈيىگە چىلىنىپ تەمى چىقىرىلىدۇ. مەستىكى، زەپەر، ئەنبەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ۋەرەقىلەردىن باشقا دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ مېۋە سۇلىرىغا چىلىنىپ قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا

سۈيۈقلۇقىغا شېكەر، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر ئاز قاينىتىلىپ سالايە قىلىنغان دورا تالقانلىرى ۋە ۋەرەقلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مېگە، يۈرەك، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك، مېگە، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى، نېرۋا ئاجىزلىق، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك سېلىش، قان ئازلىق، ياشانغانلارنىڭ يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن 50 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ھېلىلە زەرد

تەركىبى: ھېلىلە زەرد پوستى، بىنەپشە، تەمرى ھىندى ھەربىرى 15 گرامدىن.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەمرى ھىندى سۇغا ئايرىم چىلاپ قويۇلىدۇ. قالغان دورىلار سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە تەمرى ھىندى سۈيى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش، قان تازىلاش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: قان، سەپرا، مېگە قان تومۇر كېسەللىكى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئانار كەبىرى

**تەركىبى:** ئاچچىق ئانار 120 مىللىلىتىر، ئەينۇلا سۈيى 120 مىللىلىتىر، تەمرى ھىندى سۈيى 120 مىللىلىتىر، غورا سۈيى 120 مىللىلىتىر، شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، 4 خىل دورا سۈيى بىرلەشتۈرۈلۈپ 250 گرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قايىنىتىلىپ قىيام ھالەتتە تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇق، ھارارەت پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ھەرخىل يۈرەك كېسەللىكلىرى، جىگەر زەئىپلىكى، ئۆتكۈر قىزىتما، دىئابېتتىكى ئۇسسۇزلۇق، قان ئازلىقتىن بولغان ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن 50 مىللىلىتىرغىچە قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى كاكىنەچ

**تەركىبى:** كاكىنەچ 180 گرام، ھەمشىباھار ئۇرۇقى 180 گرام، رۇم بەدىيان، ئارپىبەدىيان ھەربىرى 12 گرامدىن، ئوغرىتىكەن 45 گرام، گۈلبىنەپشە، گاۋزىبان ھەربىرى 30

گرامدىن، شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ قاينىتىلىپ تەمى چىققاندا سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر سېلىنىپ سۇس ئوتتا يەنە بىر ئاز ۋاقىت قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** سۈيدۈك يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش رولى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سىزلام، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ، ئېچىشىپ كېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى زىرىشكى

**تەركىبى:** زىخ 560 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى 60 گرام، تۇخۇم كۆشۈش 30 گرام، رەۋەن 15 گرام، شېكەر بىر لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، كاسىنە، تۇخۇمى كۆشۈش بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، زىخ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ. رەۋەن ئايرىم سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. چىلانغان دورىلار سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىغا شېكەر سېلىنىپ ئېرىتىلىپ ئاخىرىدا رەۋەن تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، سۇيدۇك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان باش قېيىش، باش ئاغرىش، كۆڭلى ئاينىش، جىگەر خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، سۇيدۇك راۋان بولماسلىق، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى بەھمەن

**تەركىبى:** بەھمەن سەفىت، بەھمەن سۇرۇخ، گىلى سۇرۇخ، زەپەر، بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان ھەربىرى 6 گرامدىن، ناۋات 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ، قالغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، 6 سائەت سۇغا چىلىنىپ، قاينىتىلىدۇ، دورا پەسىپى سۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۈستىگە ناۋات سېلىنىپ ئاخىرىدا زەپەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قاندىكى ماي ماددىسىنى چۈشۈرۈش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىكى، دەم سىقىلىش، قاندىكى ماي ماددىسى يۇقىرىلاش،

كەم قۇۋۋەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى شاھتەررە

**تەركىبى:** قاراھېلىلە، ھېلىلە زەرد پوستى، ھېلىلە كابىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ئاملە مۇقەششەر ھەربىرى 15 گرامدىن، شاھتەررە، گۈلبىنەپشە، سانا ھەربىرى 12 گرامدىن، نىلۇپەر 30 گرام، مامىرانچىن 30 گرام، گاۋزىبان، ئەفتىمۇن، قىزىلگۈل ھەربىرى 9 گرامدىن، بەدىيان 6 گرام، تۇخۇمى كاسىنە 24 گرام، تۇخۇمى كەرەپشە 6 گرام، بىستىپايەنچ، ئۇستقۇدۇس، پىننە ھەربىرى 6 گرامدىن، چىلان، ئەينۇلا ھەربىرى 60 گرامدىن، تەرەنجىبىن 90 گرام، پۇنۇس 45 گرام، تەمرى ھىندى 45 گرام، شېكەر 500 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سانا، ئەفتىمۇن، تەرەنجىبىن، تەمرى ھىندى قاتارلىق دورىلار مۇۋاپىق مىقدارىدىكى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قالغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ چىلاشقۇچىلىك سۇغا 10 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ، تەمى چىققاندا چىلانغان دورىلارمۇ ئارىلاشتۇرۇپ 1 ـ 2 مىنۇت قويغاندىن كېيىن، دورا پىسىپى سۈزۈۋېتىلىپ شېكەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** سوغۇق.
**تەسىرى:** قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قاننى تازىلاپ ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** سەپرا، قاندىن بولغان مېڭە، يۈرەك قان

تومۇرلىرى توسۇلۇش، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرى يەنى قىزىل يەل قاپارتما، مۇدۇر چاقا، يەلتاشما، تەمرەتكە، قىچىشقاق، دانىخورەك، ئىسسىقتىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىترغا قەدەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سەفەرجەل

**تەركىبى:** بېھى شەربىتى 90 لىتىر، ئانارگۈلى، موزا، قاراھېلىلە، ھەببۇلئاس ھەربىرى 6 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، بېھى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۆچەي، ئاشقازان، جىگەر، قان توسۇلۇش، ئىسھال، ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش، قان ئۈتۈش، قورساق ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتردىن 100 مىللىلىترغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئىزخىر

**تەركىبى:** سۈمبۇل، دارچىن، ئىزخىر، ھەببى بىلىسان،

رەۋەن، مەستىكى ھەربىرى 6 گرامدىن، ئىزخىر، ئەپسەنتىن، بەديان، رۇم بەديان، تۇخۇمــــى كەرەپشە، قىـــزىلگۇل، گۇلبىنەپشە ھەربىرى 30 گرامدىن، شېكەر 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، رەۋەن، مەستىكىدىن باشقا دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ، قاينىتىلىدۇ دورا پىسىپى سۇزۇۋېتىلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە شېكەر سېلىنىپ بىر ئاز قاينىتىلىدۇ. ئاخىرىدا رەۋەن، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنىڭ سوقۇلغان تالقىنى دورا سۇيىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ھەزىم ئەزالـــىرىنـــى كۈچلەندۈرۈش، يەل ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىـــشـــى:** سوغۇق يەلدىن بولغان ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى، يەنى ئىشتىھاســـزلىـــق، مەيدە ئاغرىش، قۇلنىجى، قورساق ئېسىلىش، جىگەر خىزمـــتىـــنىـــڭ ناچارلىششى، يەر قان، B تىپلىق جىگەر ئىششىقى، ئۆچەي زەئىپلىكى، جىگەر مەنبەلىك ئىـــستىـــسقا قاتارلىـــقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئۇستۇقۇدۇس

**تەركىبى:** ئۇستۇقۇدۇس 60 گرام، گاۋزىبان ھىـــندى، بىستىپايەچ، ئۇدسەلىپ، پىرسىياۋشان، بادرەنجى بۇيا، بىخ سۇس ھەربىرى 15 گرامدىن، زۇپا 9 گرام، گۇلسەۋسەن، سۇمبۇل، بەديان، رۇم بەديان ھەربىرى 15 گرامدىن، كۆك

كىشمىش 14 گرام، ئەنجۈر مونىكى 60 گرام، ھەسەل 150 گرام، شېكەر 150 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، يىلتىز، ئۇرۇق دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، سوقۇلمايدىغان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ، 15 مىنۇت ئوتتۇراھال ئوت كۈچى بىلەن قاينىتىلغاندىن كېيىن، دورا پىسىپى سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن دورا سۇيىگە ھەسەل ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر ئاز ۋاقىت قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ماددىلارنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قان نۆكچىلىرىنى ئېرىتىش، قان تومۇرنى كېڭەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نەزلە، باش ئاغرىقى، سەۋدادىن بولغان ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، نىسيان، سەرئى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەنجۈر

**تەركىبى:** نوقۇت 1 كىلوگرام، ئەنجۈر 150 دانە، ھۆل ئۈششاق ئۈزۈم 2 كىلو 500 گرام، گۈلسەۋسەن، سۆئلەپ مىسرى، بوزىدان، مەستىكى ھەربىرى 30 گرامدىن، سۇمبۇل، خولىنجان، ئاسارۇن، قاقىلە، لاچىندانە ھەربىرى 15 گرامدىن، گۈلدارچىن، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، قەلەمپۇر، زەپەر ھەربىرى 7 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. ئەنجۈر، ئۈزۈم، نوقۇت قايىنتىلىپ شىرنىسى چىقىرىلىدۇ، پىسىپى سۈزۈلۈپ، دورا سۈيىگە 5 كىلوگرام شېكەر سېلىنىپ قىيام قىلىنىدۇ ھەمدە قىيامغا دەسلىپىدە يىرىك دورىلار سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقىنى، ئاخىرىدا زەپەر تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** بۆرەك، باھ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، روھلاندۇرۇش، سەمرىتىش، سۈت، مەنىي كۆپەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق سوغۇقتىن ئومۇمىي بەدەن، بۆرەك، باھ ئاجىزلاپ كېتىش، بۆرەك يىگلەش، مەنىي ئازلىق، كەم قانلىق، بەدەن ئورۇقلاش، بەل ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن 70 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى لەھمى

**تەركىبى:** بەدىيان، رۇبىسۇس، يەرلىك شوخلا (ئىتئۈزۈمى)، زىخ ھەربىرى 9 گرامدىن، چىلان 15 گرام، تۇخۇمى كاسنە 21 گرام، ئۈزۈم 15 گرام، تۇخۇمى كەشنىز 15 گرام. ئەگەر كېسەلنىڭ مىجەزى سوغۇق بولسا تۇخۇمى كەرەپشە، رۇم بەدىيان ھەربىرى 15 گرامدىن، شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇبىسۇستىن باشقا

دورىلار چالا سوقۇلۇپ 8 سائەت مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلانغاندىن كېيىن قايىنتىلىپ پەسەپلىرى سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە رۇبىسۇس ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** ئۆپكىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، يۈرەك، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، ئۆپكە، يۈرەك زەئىپلىكىدىن بولغان قورساقتا سۇ چۈشۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى چۆبچىن

**تەركىبى:** گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تۇخۇمى كاسىنە، گاۋزىبان، شومشا، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، بىخ سۇس، بىستىپايەچ، ھېلىلەزەرد پوستى ھەربىرى 12 گرامدىن، ھېلىلە سىياھ 6 گرام، ساناھ، يەرلىك شوخلا، شاھتەررە، چۆبچىن، ئەفتىمۇن، سەرسىبىل، پونۇس ھەربىرى 21 گرامدىن، ئەينۇلا، چىلان، ئەنجۇر قېقى ھەربىرى 9 گرامدىن، بەدىيان، ئۇستقۇدۇس، تۇخۇمى كۈشۈش، رۇم بەدىيان، جۇۋىنە، سۇزاپ ئۇرۇقى، زەرچىۋە، مامىرانچىن ھەربىرى 9 گرام، تەرەنجىبىن 60 گرام، قەنت ياكى شېكەر 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەرەنجىبىن، ئەفتىمۇن، سانا قاتارلىقلار ئايرىم قايناق سۇغا 8 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ. قالغان يىلتىز، ئۇرۇق، پوست دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ سوقۇلمايدىغان مېۋە، گۈل - چېچەك دورىلار بىلەن

ئاربلاشتۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، ئىلگىرى چىلاپ قويۇلغان دورىلارنىڭمۇ سۈزۈلگەن شىرنىسى قاينىتىلغان دورا سۈيىگە قويۇلۇپ، ئاخىرىدا شېكەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئېغىر دەرىجىدىكى بالىياتقۇ جاراھىتى، بالىياتقۇ ئىششىقى، يېڭى پەيدا بولغان سەرتانى رەھمى، جىنسىي يول جاراھىتى، سۈيدۈك يولى جاراھىتى، بوۋاسىر ئىششىقلىرى، سىرتقى جاراھەتلەر قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئۈزۈم

**تەركىبى:** قۇرۇق ئۈزۈم 90 گرام، چىلان، سەرپىستان، ئەنجۈر قېقى، قىزىلگۈل، پىرسىياۋشان، زۇپا ھىندى، ھەربىرى 30 گرامدىن، بىھى ئۇرۇقى، رۇم بەديان ھەربىرى 15 گرام، ئىسپىغۇل، ئارپا ئۇنى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، پىستە، چىلغوزا، ئىنزىر، سۇمبۇل ھەربىرى 9 گرامدىن، قەنت ياكى شېكەر 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، چىلغوزا، پىستە مېغىزلىرى بىرلىكتە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابى ئېلىنىدۇ، قالغان سوقۇلىدىغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ، سوقۇلمايدىغان دورىلار بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ

مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ، قايىنىتىلغاندىن كېيىن، دورا پىسسىپى سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە ئىسپىغۇلنىڭ لوئابى ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا مېغىز دورىلارنىڭ تالقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ يۆتەلنى پەسەيتىش، بەلغەمنى بوشىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نەزلە، زۇكام، يۆتەل، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۆپكە، نەپەس يولى ياللۇغى، دەم سىقىلىش، بەلغەم چىقىرالماسلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، هەر قېتىمدا 50 ميلليلىتىردىن 100 ميلليلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مۇددىراتى هەيز

**تەركىبى:** بىخ كەرەپشە، بىخ بەدىيان، ئۇششاق ئۈزۈم هەربىرى 30 گرامدىن، ئادراسمان ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان، زىراۋەندە، ياپچان، ئۇمدىن هىندى، قىزىلگۈل هەربىرى 9 گرامدىن، شېكەر 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرئاز چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلىنىپ، سۇس ئوتتا 15 مىنۇت قاينىتىلىپ، پىسسىپى سۈزۈلگەندىن كېيىن سۇيىگە شېكەر سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ھەيز راۋان بولماسلىق، ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش، بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ يەل كېسەللىكى، قان قويۇلۇپ قېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى خونى غەلىيز

**تەركىبى:** سەۋزە ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، رۇم بەديان، ئادراسمان ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، ئىزخىر، غولجاك، چىلان ھەربىرى 30 گرامدىن، زاراڭزا گۈلى 45 گرام، ئەنسىل 20 گرام، زەپەر 2 گرام، يىلتىز بەديان، يىلتىز كەرەپشە ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاسارۇن 10 گرام، بىستىپايەچ 15 گرام، ئۇشنە 10 گرام، يىلتىز سۆس 10 گرام، ئۈششاق ئۈزۈم 60 گرام، ھەسەل 250 گرام.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، 15 مىنۇت قاينىتىلىپ پىسىپى سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە ھەسەل قوشۇلۇپ تەكشى ئېرىتىلىپ، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**تەسىرى:** قان ـ تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** غەيرىي قويۇق خىلتلاردىن يەنى سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان قاننىڭ قويۇقلىشىشى، مېگە، يۈرەك، قان

تومۇرلىرىنىڭ قېتىشى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك مۇجۇپ ئاغرىش، باش ئاغرىش، باش ئېغىرلىقى، ھەيز راۋان بولماسلىق، بالىياتقۇنىڭ يەلدىن بولغان ھەرخىل ئاغرىقلىرى، ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن 120 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى رەيھان

**تەركىبى:** بادرەنجى بۇيا 45 گرام، لاچىندانە، سازەچ ھىندى، بىستىپايەچ ھەربىرى 10 گرام، زۇپا 15 گرام، ئۇستقۇدۇس 20 گرام، گاۋزىبان ھىندى 30 گرام، ئۆشنە 10 گرام، ئارپىبەديان، قىزىلگۈل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەربىرى 10 گرام، سۇمبۇل، ئەفتىمۇن ھەربىرى 20 گرامدىن، شېكەر 600 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سوقۇلىدىغان دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، سوقۇلمايدىغان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ لىتىر سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن قايناتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە شېكەر سېلىنىپ بىر كىلوگرام شەربەت ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭە، قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، يۈرەك سوقۇشى تېزلەش، يۈرەك سانجىقى،

ئۇنتۇغاقلىق، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ سوغۇقتىن توسۇلۇشى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى بابۇنە

**تەركىبى:** بابۇنە، تۇخۇمى خىرفە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، سەرپىستان، تۇخۇمى كەرەپشە، گۇلبىنەپشە، تۇخۇمى كاسنە، يەرلىك شوخلا ھەربىرى 10 گرامدىن، چىلان 30 گرام، ئەينۇلا، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، ھەربىرى 30 گرامدىن، بادام 60 گرام، شېكەر 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، خىيار شەنبەر، تەرەنجىبىن، ئايرىم چىلاپ قويۇلىدۇ. بادام مېغىزىدىن باشقا دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ 1.5 لىتىر سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن قاينىتىلىدۇ. قاينىتىلغان سۇيىگە شېكەر سېلىنىپ ئېرىتىلىدۇ، ئاخىرىدا بادام مېغىزىنىڭ سوقۇلغان تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئىششىق تارقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىياتقۇنىڭ يەلدىن بولغان ئىششىقلىرى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بەل ئاغرىش، پۇت تېلىپ ئاغرىش، دوۋسۇن چىققىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى شىپا

**تەركىبى:** نېلۇپەر، سەرپىستان، چىلان ھەربىرى 30 گرامدىن، قىزىلگۈل، گاۋزىبان ھەربىرى 10 گرامدىن، يەرلىك شوخلا 15 گرام، قەنت 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بىرئاز چالا سوقۇلۇپ 1.5 لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈزۈلگەن سۇيىگە 100 گرام قەنت سېلىنىپ ئېرىتىلىپ بىر كىلوگرام شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** ئىسسىق سەپرادىن بولغان قاندىكى ئۇفۇنەتنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مېڭە پەردە ياللۇغىدىن بولغان قىزىتما، كېزىك، پۇت - قول ئاغرىش، مېڭە ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مائۇل ھەسەل

**تەركىبى:** ئىزخىر، گاۋزىبان، ھەربىرى 10 گرامدىن،

ئۈزۈم 45 گرام، بىخ كەبىر 10 گرام، پىرسىياۋشان 45 گرام، بىخ كەرەپشە، ئارپىبەدىيان، بىخ بەدىيان، رۇم بەدىيان ھەربىرى 10 گرامدىن، ھەسەل 100 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرئاز چالا سوقۇپ 2 لىتىر سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، قاينىتىلىپ، سۈزۈلىدۇ. سۈيىگە ھەسەل سېلىنىپ بىر كىلوگرام شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئەزالارنى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان يېرىم پالەچ، قان بېسىمى يۇقىرىلاش، لەقۋا، ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مائۇل ھەسەل كەبىر

**تەركىبى:** ئۇدسەلىپ، ئۇستىقۇدۇس، ئىزخىر، ئارپىبەدىيان، قارىمۇچ ھەربىرى 10 گرامدىن، ئېگىر 6 گرام، زەپەر 3 گرام، ئاسارۇن، بىخ كەبىر، رۇم بەدىيان ھەربىرى 10 گرامدىن، گاۋزىبان ھىندى 15 گرام، سايىكى ئۈزۈم 100 گرام، خولىنجان 6 گرام، ھەسەل 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، زەپەر ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ، 4 لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، ھەسەل

سىلىنىپ ئېرىتىلىدۇ، بىر ئاز سوۋۇغاندا زەپەر سېلىنىپ 2 كىلوگرام شەربەت تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى سۈيۇلدۇرۇش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى تارقىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان قان قويۇلۇش، سوغۇقتىن بولغان يۇقىرى قان بېسىمى، پۇت - قول ھەرىكىتى توۋەنلەش، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، تىل پالىچى، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى مۇنزىج مۇرەككەپ

**تەركىبى:** گاۋزىبان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرامدىن، تەمرى ھىندى 60 گرام، يەرلىك شوخلا، ئۇستىقۇدۇس 15 گرامدىن، شۈمشا 10 گرام، نىلۇپەر، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا، بىنەپشە ھەربىرى 15 گرامدىن، ئەفتىمۇن، گۈلقەنت ھەربىرى 100 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەمرى ھىندى، ئەفتىمۇن ئايرىم چىلاپ قويۇلىدۇ. قالغان دورىلار بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ 1.5 لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن قاينىتىلىدۇ، دورا سۈزۈلىدۇ، سۈيىگە گۈلقەنت سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قاننى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى تارقىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن ئاغرىغان كېسەللەرنىڭ ماددىسىنى پىشۇرۇش، ئۆتكۈر قىزىتما، پۇت - قوللار ئاغرىش، قان بېسىمى يۇقىرىلاش، باش ئاغرىش، ئۈيقۇ كەلمەسلىك قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى بەرەس

**تەركىبى:** قارا ھېلىلە، پىلپىل ھەربىرى 15 گرامدىن، سىيادان 30 گرام، جۇۋىنە 30 گرام، شەترەنجى ھىندى، قۇستەتەلىخ، ھۇماما ھەربىرى 15 گرامدىن، ئامىلە، بەلىلە پوستى ھەربىرى 15 گرام، زەنجىۋىل، رۇم بەدىيان، بابۇنە، سامساق ھەربىرى 30 گرامدىن، كەت ھىندى 15 گرام، ئۈزۈم 300 گرام، ھەسەل 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوقۇشقا تېگىشلىك دورىلار بىرئاز چالا سوقۇلۇپ 3 لىتىر سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، قاينىتىلىپ سۈزۈلىدۇ، سۈيىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نورمالسىز، سەۋدا، بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن

بولغان تېرىدىكى ئاق داغلارنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەننى قىزىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاقكېسەل، چاچ بالدۇر ئاقىرىپ كېتىش، بەدەن ئاجىزلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# مۇنزىچلار

مۇنزىچ دېگەنلىك، ماددىنى پىشۇرۇش، ماددىنىڭ قىيامىنى تەڭشەش دېگەنلىك، ئۇ بەدەنگە نىسبەتەن سۇيۇقلۇق تولۇقلاش، شۇ ئارقىلىق بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى بەدەندىن چىقىپ كېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان سۇيۇقلۇق. يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دورىلار مۇنزىچ دورىلار دېيىلىدۇ.

مۇنزىچ دورىلار ئۆزىنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۆۋەندىكىدەك رول ئوينايدۇ: ماددىلارنىڭ قىيامىنى تەڭشەيدۇ، بەدەنگە سۇيۇقلۇق تولۇقلايدۇ، ئەزا، توقۇلمىلارنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ساقلايدۇ، مەلۇم دەرىجىدە بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، مەلۇم دەرىجىدە ھارارەتنى كونترول قىلىپ تېمپېراتۇرىنى تەڭشەيدۇ، بەدەننى تازىلاش رولىغىمۇ ئىگە. دېمەك، مۇنزىچ دورىلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ بەدەنگە ئۆزلىشىشى ۋە سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## مۇنزىچى بەلغەم

**تەركىبى:** بەدىيان، رۇم بەدىيان، بىخ سۇس، قامغاق، بەدىيان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى ھەربىرى 6 گرامدىن، ئەنجۈر

10 گرام، سىيادان 9 گرام، پىرسىياۋشان 6 گرامدىن، ئۈستقۇدۇس، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، كەرەپشە يىلتىزى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، بىستىپايەچ، بىخ كەبىر ھەربىرى 7 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ھۆل سوغۇقتىن بولغان تۇسالغۇلارنى ئېچىش، نورمالسىز بەلغەم ماددىسىنى پىشۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نورمالسىز بەلغەم خىلىتى تەسىرىدىن بولغان كېسەللىكلەر، يەنى پالەچ، لەقۋا، رەئشە، مۇپاسىل، نىقرەس، ئىرقىننىسا، بەرەس، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 150 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇنزىچى سەۋدا

**تەركىبى:** ئەفسەنتىن 3 گرام، شاھتەررە 5 گرام، چىلان 5 گرام، ئۈستقۇدۇس 4 گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 5 گرام، بادرەنجى بۇيا 4 گرام، گاۋزىبان، قىزىلگۈل ھەربىرى 4 گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈششاق ئۈزۈم 5 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، بىرئاز چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 8 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** قۇرۇق، سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، نورمالسىز سەۋدا ماددىسىنى پىشۇرۇش، سۈيدۈك هەيدەش، قىزىتما پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەهەر قايتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم، قان قويۇلۇش، قان تومۇرلار توسۇلۇش، مۇپاسىل، پالەچ، ئومۇمەن نورمالسىز سەۋدا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى تەنقىيە قىلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، هەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇنزىچى سەپرا

**تەركىبى:** گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، هەمىشىباهار ئۇرۇقى هەربىرى 6 گرامدىن، چىلان 7 گرام، سەرپىستان 7 گرام، ئەينۇلا 15 گرام، شاهتەررە 9 گرام، گۈلقەنت پوم 24 گرام، تەمرى هىندى 24 گرام، هېلىلە زەرد پوستى، گاۋزىبان هەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، بىر ئاز چالا سوقۇلۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 6 سائەت چىلانغاندىن كېيىن، سۈس ئوتتا قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، نورمالسىز سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق، ئىسسىقتىن بولغان قاننىڭ ئۇفۇنەتلىنىشى، سەپراۋى قىزىتما، قان، سەپراۋى ئىسھال، نورمالسىز سەپرا خىلتى تەسىرىدىن بولغان مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 150 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# قۇرس (تابلېت) دورا ياسالمىلىرى

قۇرس دورىلار — بىر ياكى بىر قانچە خىل دورا تالقىنىغا بەزى مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ خېمىر قىلىش، قۇرسى قېلىپى ياكى ماشىنىسى بىلەن بېسىپ يۇمىلاق كىچىك تۈگمە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدىغان دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

قۇرسلارنى ياساشتا قۇرس تەركىبىگە كىرىدىغان يەككە دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ، گۈلاب ياكى لوئاپ ياكى دورىلارنىڭ شىرنىلىك سۇلىرى بىلەن نەمدىلىپ قېلىپقا سېلىنىپ، بېسىم كۈچى بىلەن يالپاقلىنىپ تۈگمە شەكلىدە ياسىلىدۇ.

قۇرس دورىلار ئۆلچەم بويىچە تەييارلىنىپ، ياخشى ساقلانسا 4 يىلغىچە ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ.

قۇرس ياسالمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى دورىلار مىقدارى بىرقەدەر توغرا، ھەجمى كىچىك، ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ يۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، ساقلاشقا ئەپلىك. قۇرس دورىلار بولۇپمۇ شېكەر قاپلىق قۇرسى دورىلار تەركىبىدىكى بەزى دورىلارنىڭ قېرىق، ئاچچىق تەمىنى ۋە كۆڭۈل ئېلىشتۇرىدىغان يېقىمسىز تەسىرلىرىنى يۇشۇرالايدۇ ھەمدە بەزى دورىلارنىڭ ئاشقازاننى غىدىقلىشىنى ئازايتىدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، قۇرس ياسالمىلىرى دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئېغىزغا سېلىپ، تىل ئاستىغا قويۇپ شۈمۈشكە ئوڭاي بولۇش، قاچىلاش، ساقلاش، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن قۇرس ياسالمىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

## قۇرسى كەھرىۋا

**تەركىبى:** كەھرىۋا، مارجان، مەرۋايىت، تۆخۈمى خىرفە، بۆغا مۆڭگۈزى، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەربىرى 9 گرامدىن، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 9 گرام، ئاقاقىيا 18 گرام، خەشخاش 18 گرام، كۆپۈكى دەريا 9 گرام، ئىبگىر 6 گرام، گاۋزىبان 6 گرام، ئانار گۈلى 12 گرام، خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنى ئەنجىبار ھىندى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرامدىن .

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى كەھرىۋا، مارجان، مەرۋايىت قاتارلىق دورىلار پىشۇرۇلۇپ كۇشتە قىلىنىپ سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ كەرەپشە ئۇرۇقى سۈيى بىلەن بارلىق دورا تالقانلىرى يۇغۇرۇلۇپ يۇمىلاق توقىچاق شەكلىدە قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بالىياتقۇ قاناش، ئاق خۇن كېسەللىكى، بوۋاسىر قاناش، بۇرۇن قاناش، ئۆپكە، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىن قان كېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كەھرىۋا ساددە

**تەركىبى:** كەھرىۋا 50 گرام، سەمغى ئەرەبى 30 گرام،

خۇنسىياۋشان 30 گرام، تاباشىر، نىشاستە، كەتىرا، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، پاقىيويۇرمىقى ئۇرۇقى، گاۋزىبان ھىندى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ يۇمىلاق شەكىلدە تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان قويۇلدۇرۇش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان قان سۈيۈلۈپ كېتىش، بالىياتقۇ قاناش، بۇرۇن قاناش، ئۆپكىنىڭ قانىشى، بوۋاسىر قاناش، قان سىيىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 6 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كاكىنەج

**تەركىبى:** تەرخەمەك ئۇرۇقى، بەرگى ئاس ئۇرۇقى، كاكىنەج ھەر بىرى 15 گرامدىن، گىل ئەرمىنى، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، كۈندۈر ھەربىرى 7 گرامدىن، تۇخۇمى خەشخاش، بادام مېغىزى 6 گرامدىن، خۇنسىياۋشان 7 گرام، رۇببىسۇس، نىشاستە، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، ئەپيۇن 3 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ يەرلىك شوخلا سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك يول ياللۇغىنى داۋالاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
**ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى يەنى بۆرەك جاراھىتى، سۈيدۈك خالتا جاراھىتى، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، قان سىيىش، سۈيدۈك ئېچىش، سىزلام، سۈيدۈك يولى ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى ئۇد

**تەركىبى:** پىلپىل، كاۋاۋچىن ھەربىرى 3 گرامدىن، سۇمبۇل 2 گرام، ئۇدخام ، مەستىكى رۇمى ھەر بىرى 2 گرامدىن.
**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ شېكەر سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**تەسىرى:** ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ ئاشقازاننى قىزىتىش تەسىرى بار.
**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان، ئۈچەي يەنى ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرىگە، كۆڭۈل ئاينىش، ئىچى سۈرۈش، ۋابا كېسەللىكى، قۇسۇقنىڭ رەڭگى ئاق كېلىش، ئىچى گۈرۈچ يۇغان سۇدەك سۈرۈش ھەم ئۆپكە يۇغان سۇدەك سۈرۈش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى راسەن

**تەركىبى:** قەلەمپۇر، ئىپار ھەربىرى 3 گرامدىن، گۈلدارچىن 6 گرام، راسەن، ئەپيۇن، مەستىكى رۇمى، رىنىسىك ھەر بىرى 5 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسپىغۇل سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن ئاشقازان، ئۈچەي خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاشقازان تۆۋەنلەش، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ئىسھال، ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش، ۋابا كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى ئوردان

**تەركىبى:** ئوردان 36 گرام، چىغىرتماق يىلتىزى، يالپۇز يىلتىزى، زىراۋەندە ھىندى ھەر بىرى 6 گرامدىن، سىركە مۇۋاپىق مىقداردا.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سىركە سۇيىدە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، ئىسسىق ياندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال توسۇلۇش، يەل قۇلىنجى، پۇت - قول ئاغرىش، مۇپاسىل، سوغۇقتىن بولغان يەل كېسەللىكى، جىگەر، تال ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى خەشخاش

**تەركىبى:** كۆكنارشاكىلى، قاپاق ئۇرۇقى، تۇخۇمى خىرپە، تۇخۇمى تەررە، بىھى ئۇرۇقى ھەربىرى 18 گرامدىن، سەمغى ئەرەبى، تاباشىر، قىزىلگۈل، پىياز ئۇرۇقى، نىشاستە ھەربىرى 9 گرامدىن، كاپۇر 2 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسپىغۇل سۇيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** نەپەس يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، تىنچلاندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** نەزلە، زۇكام، بەلغەمسىز يۆتەل، قۇرۇق يۆتەل، نەپسىل دەم، نەپەس يولى ياللۇغى قاتارلىقلارنى

داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كاپۇر

**تەركىبى:** تاباشىر، قىزىلگۈل، نىلۇپەر ھەربىرى 12 گرامدىن، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرامدىن، تەرەنجىبىن 30 گرام، سەرقات، رۇببىسۇس، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەربىرى 3 گرامدىن، زەپەر 2 گرام، كاپۇر 1 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بېھى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئىسھالنى توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكى يەنى ئۆپكە سىلىدىكى قاناش، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىش، يۆتەل - ئۆتكۈر قىزىتما ئىسھالنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن 5 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى مازەرىيۇن

**تەركىبى:** مازەرىيۇن، دۇقۇ، پوستى ھېلىلەزەرد، ئارپا

ئۇنى ھەربىرى 30 گرامدىن، كاسىنە سۇيى مۇۋاپىق مىقداردا.
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، كاسىنە سۇيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: سوغۇق.
تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ھارارەتنى پەسەيتىش تەسىرى بار.
ئىشلىتىلىشى: ئىستىسقائىلەھمى، جىگەر مەنبەلىك قورساقتا سۇ چۈشۈش، ئۆپكە، يۈرەك مەنبەلىك قورساقتا سۇ چۈشۈش، جىگەر، تال توسۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى زىيابىتۇس

تەركىبى: رۇبىسۇس، تاباشىر ھەربىرى 15 گرامدىن، تۇخۇمى خىرفە، ئۇسۇك ئۇرۇقى ھەربىرى 45 گرامدىن، تۇخۇمى كەشنىز، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، گىلى ئەرمىنى ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاق سەندەل، ئاللقات مېۋىسى، ئانارگۈلى، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى 6 گرامدىن، كاپۇر 3 گرام .
تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى گىلى ئەرمىنى كۆشتە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاچچىق ئانار سۇيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** قاندىكى، سۈيدۈكتىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىش، سۈيدۈك مىقدارىنى ئازايتىش، تۈتۈش، توختىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان بۆرەك زەئىپلىكى، دىئابىت كېسەللىكى (قەنت سىيىش كېسەللىكى)، ئاشقازان بۇزۇلۇش، تولا سىيىش، كۆپ ئۇسساش، ياداپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 5 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى مۇنەۋۋىم بارد (ئۇخلاتقۇچى)

**تەركىبى:** تۇخۇمى خەشخاش، تۇخۇمى كاھۇ، ئوسۇك ئۇرۇقى، زەنجىۋىل ھەربىرى 12 گرامدىن، تۇخۇمى تەررە، تۇخۇمى تاۋۇز، كۈدە ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرامدىن، بەزرۇلبەنجى، نىشاستە، قىزىلگۈل، تاباشىر، تۇخۇمى خىرفە ھەربىرى 6 گرامدىن، كاپۇر، ئاق سەندەل، تۇخۇمى كەشنىز، ئەپيۇن ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، گۈلقەنت سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك زەئىپلىكى، ئۆپكە سىلى، ئۇيقۇسىزلىق، دىئابىت كېسەللىكى، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلەپ كېتىش، ئۆتكۈر قىزىتما قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 داندىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى ئەنجىباھار

**تەركىبى:** مەرۋايىت، نىشاستە، روبىمسۇس، ئاقاقىيا، بىخ مارجان، شادىنەچ، بۇغا مۈڭگۈزى، خونسىياۋشان، تۇخۇمى خەشخاش ھەربىرى 6 گرامدىن، ئەنجىبار 12 گرام، زىراۋەندە، قىزىلگۈل، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، كەھرىۋا، تۇخۇمى خىرفە، ئامىلە، ئانارگۈلى، تاباشىر، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەربىـــرى 9 گرامدىن، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ھەبىۇلئاس، چىگىت مېغىزى ھەربىرى 12 گرامدىن، كۈندۇر، كاپۇر ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ تەركىبىدىكـــى كەھرىۋا، مارجان مەرۋايىت كۈشتە قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىـن باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسپىغۇل لوئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش، ھارارەت پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان نەپەس يولى ياللۇغى، ئۆپكە سىلىدىن بولغان يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، زىققىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 2

دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى قوغۇشۇن

**تەركىبى:** قوغۇشۇن كۆشتىسىنىڭ 3 گرامى كالا قېتىقى بىلەن ئىچىلىدۇ. ئەپيۇن 3 گرام، ئاقاقىيا، موزا، يۇمغاقسۈت ھەربىرى 12 گرامدىن، ھەببۇلئاس، 24 گرام، سەمغى ئەرەبى 20 گرام، شېكەر 45 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سەمغى ئەرەبى سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** ئىچىنى توختىتىش، تۈتۈش، ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئۇزاققا سوزۇلغان ئىسھال، ئىچى سۈرۈش، قان تولغاق، قورساق ئاغرىش، ھۆ تۈتۈش، يېنىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى گۈل

**تەركىبى:** قىزىلگۈل 24 گرام، تۇخۇمى ھۇمماز، سەمغى ئەرەبى، تاباشىر ھەربىرى 12 گرامدىن، بەدىيان رەسمى 10 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ. يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىسپىغۇلنىڭ لوئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش، هارارەتنى پەسەيتىش، قان سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان ئۈچەي ئاجىزلىقى، ئىسھال، قورساق ئاغرىش، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئۆتكۈر قىزىتما قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، هەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى سەرتان

**تەركىبى:** رۇببىسۇس 9 گرام، تاباشىر، كەتىرا، شادىنەج هەربىرى 15 گرامدىن، گىلى ئەرمىنى، گىلى مەختۇم، گۈلسۇرۇخ هەربىرى 18 گرامدىن، سەرتان (پىشۇرۇلغىنى) 6 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئانار سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**تەسىرى:** قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، هارارەتنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بوۋاسىر، ئۆپكە سىلى، يۆتەل، كاما شەكىللىك ئۆپكە سىلى، بۇرۇن قاناش، قان قۇسۇش، قان سىيىش، قان سەپراۋى ئىسھال قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى بىنەپشە

**تەركىبى:** گۈلبىنەپشە 6 گرام، رۇبىبسۇس، كەتىرا، نىشاستە ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** بەلغەم بوشىتىش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما ياندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىقى، شەقىقە، نەزلە، نەپەسلىك دەم، يۆتەل قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى تاباشىر

**تەركىبى:** تاباشىر، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، نىشاستە، قوغۇن ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل ھەربىرى 6 گرامدىن، گۈلسۇرۇخ، رۇبىبسۇس ھەربىرى 18 گرامدىن، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، بەرگىنەي ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، ئىسپىغۇل ھەربىرى 12 گرامدىن، كاپۇر 3 گرام، زەپەر 1 گرام، نارمىشكى 15 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىسپىغول لوئابى بىلەن بىرلىكتە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، تۈتۈش، تورمۇزلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، هارارەتنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** تەپ يەنى قىزىش، سوۋۇش، پۈت - قوللار ئاغرىش، ئىسهال، قەنت سىيىش كېسەللىكى، خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، هەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى غاپەس

**تەركىبى:** مەستىكى، غاپەس هەربىرى 21 گرامدىن، شاهتەررە، تۇخۇمى كاسنىە، تۇخۇمى كۈشۈش (ئەفتىمۇن ئۇرۇقى)، رەۋەن چىنى، زەپەر، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، بەرگىنەي ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، روببىسۇس هەربىرى 9 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بەديان سۈيىدە يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك هەيدەش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، جىگەر، تال توسۇلۇش، ئىستىسقا، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ

ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 دانىدىن 3 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى نەپسۇددەم

**تەركىبى:** گىلى ئەرمىنى، كەھرىۋا، سەمغى ئەرەبىي، خۇنسىياۋشان، تاباشىر، نىشاستە، كەتىرا، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، كەھرىۋا پىشۇرۇلۇپ كۈشتە قىلىنىپ باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تۇخۇمى خىرفە سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** يۆتەل پەسەيتىش، قان توختىتىش، تۇتۇش، قۇرۇتۇش، تورمۇزلاش، ھارارەتنى پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** كۆكۈل ئاينىش، يۆتەل، ئۆپكە سىلى، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# ياغ (رەۋغەن) دورا ياسالمىلىرى

بۇ ھايۋانات ياغلىرى، ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل - چېچەكلىرى، يىلتىزى قاتارلىق دورىلاردىن مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن ئېلىنغان، پەي - مۇسكۇللارنى بوشىتىش ياكى چىڭىتىش، تۇرلۇك زەخمە جاراھەتلىرىنى داۋالاش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەتلىرىدە بەدەننىڭ سىرتىدىن سۈركەپ ياغلاپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

## سىماب يېغى I

**تەركىبى:** زەرچىۋە، سىماب، كۆك تاش، نۆشۈدۈر، موزا، ماھى زەھرەج (بېلىق دورىسى)، ئاقىرقەرھا، زەرنىخ، سىر، گۈگۈرت يېغى، شەھمەنزەل كۈلى ھەربىرى 30 گرامدىن، ھوقۇشنىڭ گۆشى كۈلى 60 گرام، ئۆچكە يېغى ياكى ۋازېلىن 570 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تەركىبىدىكى كۆك تاش، نۆشۈدۈر، سىر پىشۇرۇلۇپ كۈشتە قىلىنىدۇ. سىماب، گۈگۈرت يېغى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ سوقۇلىدۇ. ھوقسۇپى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى تەييارلىنىپ بارلىق دورا تالقانلىرى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ۋازېلىن بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلۇپ ياغ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: سوغۇق سەۋدادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، قىچىشىشنى قايتۇرۇش، جاراسىمالارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تورمۇزلاش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: تۇرلۇك تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسى، قوتۇر تەمرەتكە، تاز، ئاق تەمرەتكە، قىچىشقاق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## سىماب يېغى II

تەركىبى: زەرچىۋە، موزا، ھېلىلەزەرد، شاھتەررە، مامىرانچىن، ئاقىرقەرھا، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەربىرى 10 گرامدىن، گۈڭگۈرت يېغى، سىماب 10 گرام، سىركە 60 مىللىلىتىر، ۋازېلىن 500گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى سىماب گۈڭگۈرت يېغى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ سوقۇلىدۇ. قالغان دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ سىماب بىلەن بىرلىكتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ، ئاخىرىدا ۋازېلىن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، قىچىشىشنى پەسەيتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سەپرادىن بولغان كالا تەمرەتكىسى، قىچىشقاق، ھەرخىل يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، يەرلىك ئورۇن

مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## سىماب يېغى Ⅲ

**تەركىبى:** كۆك تاش، كۆپۈكى دەريا، كەت ھىندى، زەرنىخ، شاھتەررە، گۈڭگۈرت يېغى ھەربىرى 15 گرامدىن، سىماب 5 گرام، ئۆچكە يېغى 300 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى كۆك تاش كۆشتە قىلىنىدۇ، قالغان دورىلار سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ، سىماب بىلەن گۈڭگۈرت يېغى بىــــللە سوقۇلۇپ ئۆلتۈرۈلــــدۇ، دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۆچكە يېغى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** قىچىشىشنى پەسەيتىش، قۇرۇتۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قىچىــــشقاق، تاز، جاراھەت ئومۇمەن ھەرخىل تەمرەتكىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن بېرىلىدۇ.

## قەلەمپۇر يېغى

**تەركىبى:** قەلەمپۇر 15 گرام، زەنجىۋىل، ئۇد سەلىب، زورەمبات ھەربىرى 9 گرامدىن، كۈنجۈت يېغى 250 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، چالا سوقۇلۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، 6 ــ، 7 ــ، 8 ــ ئايلاردا ئاپتاپقا بىر ئاي سېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىلار سىقىلىپ پىسىپى ئېلىنىپ

تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** هۆل سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، قان قىزىتىش، كۈچلەندۈرۈش، ياغنى قۇۋۇەتلەش، قوزغاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قىچىشقاق، تاز، جاراھەت ئومۇمەن ھەرخىل تەمرەتكىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە 2 قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## جوز يېغى

**تەركىبى:** جوز، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرها ھەربىرى 33 گرامدىن، بوزۇغا، كۈنجۈت يېغى 300 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تومۇز ئاپتاپتا بىر ئاي قويۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، قاننى قىزىتىش، باھنى قوزغاش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، لەقۋا، جىنسىي ئەزانىڭ بوشاپ كېتىشى، مۇپاسىل، نىقرەس، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، پۇت - قوللارنىڭ ئىسسىماسلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## ئات يېغى

تەركىبى: ئات يېغى 120 گرام، قىچا 600 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ، قىچا سوقۇلۇپ تالقانلانغاندىن كېيىن ئات يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، جىنسىي ئەزانى چوڭايتىش، كۈچلەندۈرۈش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ئۈزۈلدۈرمەي 2 ئايدىن 6 ئايغىچە يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ ياغلىنىدۇ.

## چۈمۈلە يېغى

تەركىبى: قارا چۈمۈلە 120 گرام، بۆرىنىڭ ئۆتى 3 گرام، ئىپار 1 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، بارلىق دورىلار گۈل يېغىغا چىلىنىپ 40 كۈن تۇرغۇزۇلۇپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: باھ، پەيىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى كۈچلەندۈرۈش، بەدەننى قىزىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: بۆرەك سوۋۇپ كېتىش، جىنسىي ئاجىزلىق، ئىستىرخائى بەدەن، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بوغۇم

ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە 1 قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## رەۋغىنى تۇخۇم

**تەركىبى:** تۇخۇم 10 دانە

**تەييارلىنىشى:** كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، قوقاس بىلەن تۇخۇم پىشۇرۇلۇپ، سېرىقى ئايرىلىپ قىچا يېغى بىلەن قازان ياغلىنىدۇ، تۇخۇم سېرىقى قازانغا ئۇۋاپ سېلىنىپ پەس ئوتتا قىزىتىلىپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئاخىرىدا سىقىپ يېغى ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، قارايتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى، بەرەس، بەھەق، چاچ ئاقىرىش، چاچ چۈشۈش، مۇپاسىل، پۇت ـ قوللار بوشاپ كېتىش، بەل ئاغرىقى، جىنسىي ئەزا سوۋۇپ كېتىش، پالەچ، پۇت ـ قوللار ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## رەۋغىنى بەرەس

**تەركىبى:** قارا يىلان 1 دانە، ھەببۇلمۇلۇك، ئاق قىچا ھەربىرى 15 گرامدىن، قۇستە تەلخ، قارىمۇچ، شەترەنجى

ھىندى ھەربىرى 3 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، تەركىبىدىكى يىلان قايىنتىلىپ يېغى ئايرىلىپ، باشقا دورىلار سوقۇلۇپ، ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەمدىن بولغان تېرىلەرنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشىنى تېزلەشتۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاقكېسەلنى يوق قىلىش ئۈچۈن بەرەس بار ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. پالەچ، لەقۋا، رەئىشە، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە 3 قېتىم، بەرەس بار ئورۇنغا مۇۋاپىق مىقداردا چېپىلىدۇ.

## بالادۇر يېغى

**تەركىبى:** بالادۇر 1 دانە.

**تەييارلىنىشى:** كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىدۇ، ماسكا تاقىلىپ، چوڭ قىسقۇچ قىزىتىلىپ ئادەم بارمايدىغان يەردە قىزىغاندا قىسقۇچ بىلەن بالادۇرنى قىسىپ سىقىلىدۇ. ئۈچ تېمىمدىن يەتتە تېمىمغىچە ياغ ئاقىدۇ. مۇشۇ ياغ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** 4 ـ دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** تېرىنى قىزارتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** ئاقكېسەل، بەھەق، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى

داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىشى مىقدارى:** كېسەل بار ئورۇنغا كۈندە 1 قېتىم سىرتىدىن سۈۋىلىدۇ. ساق ئورۇنغا تېگىپ كېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**دىققەت:** بۇ زەھەرلىك بولۇپ، پۈرىقى دىماغقا تەگسە پۈتۈن بەدەنگە قاپارچۇق چىقىرىدۇ ھەمدە بەدەننى زەھەرلەيدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، مەتبۇخى شاھتەررە بارىدۇ، شەربىتى شىپا ئىچۈرۈپ زەھەرنى قايتۇرۇش كېرەك.

## گۈڭگۈرت يېغى

**تەركىبى:** پاكىزلانغان گۈڭگۈرت 100 گرام، ۋازېلىن 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت ئۇپىدەك سوقۇلۇپ ۋازېلىن بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** سوغۇقتىن بولغان تېرىلەرنىڭ تۇسالغۇلارنى ئېچىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، قان تازىلاش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** تاز يارىسى، ئاق تەمرەتكە، بەدەن تەمرەتكىسى، قىزىل تەمرەتكە، پۇت تەمرەتكىسى، تىرناق تەمرەتكىسى، كالا تەمرەتكىسى، بوغۇملۇق ھەرخىل تەمرەتكىلەرگە، قىچىشقاق، زەمبۇرۇغ، قىچىشقاق سالجىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۆندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ (سوپۇنلاپ يۇيۇپ ياغلاپ بېرىلىدۇ).

## سىيادان يېغى

**تەركىبى:** سىيادان 500 گرام، شاپتۇل 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، سايلاشتۇرۇلىدۇ، تەركىبىدىكى شاپتۇل مېغىزى قىزدۇرۇلۇپ مېيى ئېلىنىدۇ، سىيادان تالقانلىنىپ، ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** تېرە، چاچ، تۈكلەرنى قۇۋۋەتلەش، چاچ ئۆسۈش، قارايتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، باشتىكى كېپەكنى يوقىتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** چاچ - ساقالنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئاقىرىشى، باش قىچىشىش، باش كېپەكلىشىش، پالەچ، لەقۋا، تەشەننۇچ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۆندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## زەپەر يېغى

**تەركىبى:** زەپەر 5 گرام، قارىمۇچ 200 گرام، قەلەمپۇر 100 گرام، ئاقىرقەرھا 60 گرام، قۇستە تەلىخ 50 گرام، كۆچۈلا (مۇدەپپەر) 30 گرام، كۇنجۇت يېغى 1 كىلوگرام.

تەييارلىنىشى: دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلىدۇ، دورىلار چالا سوقۇلۇپ كۆنجۈت يېغىغا چىلىنىپ 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەلغەم، سەۋدادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەدەننى قىزىتىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىشى: پالەچ، پۇت - قوللاردىكى پەيلەرنىڭ بوشاپ كېتىشى، ئىسسىرخائى بەدەن، ئىسسىرخائى زەكەر، پۇت - قوللار سوۋۇپ كېتىش، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## كېپەك يېغى

تەركىبى: كېپەك 50 گرام.

تەييارلىنىشى: بىر پارچە گېزىت يېگىنە بىلەن سانجىپ تۆشۈك ئېچىپ ئۈستىگە كېپەك قۇيۇلۇپ، ئۆرۈك ئوتىنىنىڭ چوغى كېپەك ئۈستىگە قويۇلۇپ گېزىت تۆشۈكىدىن ئاققان ماي ئېلىنىپ، كېپەك يېغى نامى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يەرلىك ئورۇننىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، تېرىنىڭ ئىممۇنىتچانلىقىنى ئاشۇرۇش، يەرلىك ئورۇننىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىنىشىنى كۈچەيتىش، توقۇلمىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پىگمېنت ھۈجەيرىلىرىنى غىدىقلاپ ئۇلارنىڭ رەڭ پىگمېنت ھاسىل قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** سەپرا، سەۋدادىن بولغان تېرە كېسەللىكلىرى، قوزۇق تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسى، ھۆل تەمرەتكە، قىزىل تەمرەتكە ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## كۈنجۈت يېغى

**تەركىبى:** كۈنجۈت 1 كىلوگرام.

**تەييارلىنىشى:** كۈنجۈت مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ جۇۋازغا سېلىنىپ يېغى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** رېماتىزىم خاراكتېرلىك پەي چىگىش، بوغۇم ياللۇغى، بوغۇم ئىششىقى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

## ئاقتىكەن يېغى

**تەركىبى:** سۇ كىرمىگەن ئاقتىكەن 500 گرام.

**تەييارلىنىشى:** كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئوتقا تۇتۇلۇپ قىزدۇرۇلۇپ ياغ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** تېرىلەرگە قۇۋۋەت بېرىش، توسالغۇلارنى

ېچىش، سىلىقلاشتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** قان بوزۇلۇشتىن بولغان تېرە كېسەللىكلىرىنى يەنى بەدەن سىرتقى قىسمىدىكى ھەرخىل ەمرەتكىلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ.

# مەلھەم دورا ياسالمىلىرى

بۇ مەلھەم دورا تالقانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچىلار (يەنى ياغ، ۋازېلىن، ھەسەل، موم) قوشۇلۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇلىدىغان، تېرە - شىللىق پەردىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرىدىن ئىبارەت.

مەلھەم دورىلار تېرىنى ئاسراش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، گۆش ئۆندۈرۈش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە قىچىشىشنى پەسەيتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش تۇراقلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## مەلھىمى زەمچە

**تەركىبى:** زەمچە، قەلەي، قوغۇشۇن، مىس، تۇچ ھەربىرى 10 گرامدىن، لىمون، ئۈزۈم سىركىسى، بىلسان يېغى ھەربىرى 50 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ساپلاشتۇرۇلىدۇ، مىس، قوغۇشۇن، تۇچ قاتارلىقلاردا كۈشتە تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** ئىسسىق سەپرادىن بولغان توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەقئەت بوۋاسىرلىرى ، كۆز باراھەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن مۇۋاپىق مىقداردىكى دورا بىلەن ياغلىنىدۇ.

## مەلھەمى بەرەس

**تەركىبى:** شور، مۇرمەككى، زەمچە، ئۇردان ھەربىرى 15 گرامدىن، خەربەق سىياھ، موزا ھەربىرى 9 گرامدىن، ئەنجۇر غازىڭى سۈيى 50 لىتىر، ئوسما سۈيى 30 لىتىر، ئۈزۈم سىركىسى 100 لىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ ساپلاشتۇرۇلۇپ شورە، زەمچىلەر كۈشتە قىلىنىدۇ، باشقا دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ مېۋە سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى قىزارتىش، قاننى جانلاندۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** بەرەس كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** بۇ دورا مۇۋاپىق مىقداردا كۈندە بىر قېتىم، تېرىگە چېپىلىپ، بىمار ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

قاپارتچۇق پەيدا بولغاندا دورىنى چىپىشنى توختىتىش لازىم.

## مەلھەمى قورۇھى رەھمى

**تەركىبى:** نىلۇپەر، ئاق لەيلى ھەربىرى 15 گرامدىن، بىنەپشە، ھەمىشەباھار ھەربىرى 9 گرامدىن، بۇغداي كېپىكى 30 گرام، كۆكنار گۈلى ھەم غوزىكى ( شاكىلى) ھەربىرى 18 گرامدىن، گۈل يېغى ياكى سۈزاپ يېغى 100 مىللىلىتىر.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**تەسىرى:** يالللۇغ قايتۇرۇش، ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، بالىياتقۇ بويىنى جاراھىتىنى، بالىياتقۇ شەلۋەرەش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** بۇ دورا كۈندە بىر قېتىم يەرلىك ئورۇنغا چىپىلىدۇ.

## زىماد دورا ياسالمىلىرى

زىمادلار چاپلانما ياكى تاڭما دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ دورا تالقانلىرىغا بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدىغان، قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرىراق قاتتىق مەلھەمدىن ئىبارەت بولۇپ، تېرە كېسەللىكلىرىدە سىرتىدىن چېپىلىدۇ.

تەركىبىدە كۆپ مىقداردا دورا تالقانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن هۆللۈكلەرنى، يېرىڭلارنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار. زىمادلار ئادەتتە تېرىنىڭ نورمال خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى تېرىنى قوغدايدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە تېرە ياللۇغلىرىغا، هۆل تەمرەتكىلەرگە، قەقەشلىشىپ، شەلۋەرەپ تۇرىدىغان جاراھەتلەرگە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. زىمادلار بەدەن هارارەت تەسىرىدە يۇمشاق هالەتكە كېلىدۇ. لېكىن، ئېرىمەيدۇ. تېرىگە چاپلانغاندىن كېيىن تېرىدە خېلى ئۇزاق ساقلىنىدۇ.

## زىماد مۇپاسىل

**تەركىبى:** 90% لىك ئىسپىرت 500 مىللىلىتىر، قەلەمپۇر، سۆرۈنجان مىسرى هەربىرى 60 گرامدىن، ژاڭ ئۇرۇقى 30 گرام، بەزرۇلبەنجى 60 گرام، سەبرە 60 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى، كۇچۇلا، پوستى خەشخاش هەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە

ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئىسپىرتقا ئارىلاشتۇرۇلۇپ 10 كۈن تۇرغۇزۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** بەلغەم، سەۋدادىن بولغان بوغۇملاردىكى ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مۇپاسىل، نىقرەس، ئولتۇرغۇچى نېرىپلار ياللۇغى، سوغۇقتىن بولغان ھەرخىل ئاغرىقلارنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

## زىماد پەرزىجە

**تەركىبى:** موزا، ھېلىلە، مامىرانچىن، قىزىلگۈل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سۆرۈنجان مىسرى، ئانارگۈلى، قەلەمپۇر ھەربىرى 15 گرامدىن، ئاقىرقەرھا 10 گرام، زەمچە 5 گرام، بىلسان يېغى 50 گرام.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇپىدەك سوقولۇپ بىلسان يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ھۆللۇكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** جىنسىي يول ياللۇغى، بالىياتقۇ بوينى شەلۋەرەش، بالىياتقۇ بوينى ئىششىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، جىنسىي يول تامچە قۇرت كېسەللىكى، بالىياتقۇ تۆۋەنلەش، جىنسىي ئەزا بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پاختىغا مېلەپ يەرلىك ئورۇنغا سېلىنىدۇ.

## زىمادى مەقئەت

**تەركىبى:** كۆدە ئۇرۇقى 15 گرام، موزا 10 گرام، ھېلىلەزەرد، سۆرۈنچان مىسرى ھەربىرى 15 گرامدىن، ئانارگۈلى 10 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، مامىرانچىن، زەرچۇۋە ھەربىرى 30 گرامدىن.

**تەييارلىنىشى:** دورىلار كۆرسەتمىدىكى مىقدارى بويىچە ئېلىنىپ، ساپلاشتۇرۇلۇپ، يۇمشاق سوقۇلۇپ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ چىلان چوڭلۇقىدا شياپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**تەسىرى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، قان توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**ئىشلىتىلىشى:** مەقئەت بوۋاسىرلىرىنىڭ يېنىك دەرىجىدە قانىشى، ئىچكى بوۋاسىر قاناش، ئاغرىش، بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىش، مەقئەت ئىششىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** بۇ دورا كۈندە بىر قېتىم تەرەتتىن كېيىن مەقئەتكە بىر دانىدىن سېلىنىدۇ.

责任编辑：买买提肉孜·买买提斯依提
买丽克木·穆汗茂德
责任校对：瓦尔斯江·买买提
尼沙古丽·阿布都拉
封面设计：阿力甫·夏

**曼苏尔阿吉验方集锦**（维吾尔文）
买买提·沙力阿吉　编
吐尔洪·吾买尔
吐尼沙·买提哈斯木　审订

---

新疆科学技术出版社出版
（乌鲁木齐市延安路21号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行　乌鲁木齐仁祥印务有限公司
850mm×1168mm　32开　9.125印张
2003年12月第1版　2003年12月第1次印刷
印数：1—5000册

---

ISBN 7—80693—397—2（民文）定价：15.80元